# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

# 4

(ئۈرۈمچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى مەخسۇس سان)



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

1985 - يىل 10 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتىرىياللىرى

(4)

赠阅
请交换

(ئۈرۈمچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى مەخسۇس سان)

1985 - يىل 10 - ئاي

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

**(4)**

ئۈرۈمچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى مەخسۇس سان

---

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى تۈزگەن
«1 - ئاۋغۇست» زاۋۇتىدا بېسىلدى

1985 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوللىشى دىخۇا شىنخەي قوز-
غىلىڭىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى ......... زەن يۈيلىن 1
تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى
1933 - يىلدىكى دۇگچاڭ كەنتى ........................
........................................گوشۆۋىن (خۇيزۇ) 10
ھەلىمە، ئۆمەرجان مەمەت تەرجىمىسى
مەن تارىخنىڭ گۇۋاچىسى ...... سەلىم گېرەي (تاتار) 17
قان بىلەن يۇغۇرۇلغان دوستلۇق مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ ..
........................................ شى جۈشياڭ (داغۇر) 23
ئۆمەرجان مەمەت تەرجىمىسى
سەنئەت ئائىلىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ......
........................................ ئابدۇگۈل 32
ئىنقىلاپ ئۇچقۇنى ۋە ئۇرۇغىنى چاچقۇچىلار .........
........................................ ئۇيغۇر سايرانى 43
كىتاب - ژورنال ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن يايپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مىل-
لى ئىتتىپاقلىققا نەزەر ............. زېي يۈيلىن 50
نيۇدېچىڭ تەرجىمىسى

يولداش ئاباسوپنىڭ مىللى ئىنتىپاقلىقنى قوغداشتى-
كى پارلاق ئىش ئىزلىرى ............ چەي جىسىن 58
ئىبادەت تۇردى تەرجىمىسى
شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خاتىرىسى ......
............................... جاڭ شۇەن 75
مەخسۇت غۇپۇر تەرجىمىسى
مىللى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ياخشى ئۇستازى
ۋە ياخشى دوستى ............... غۇپۇر توختى 83
ئاتا ـ ئانامنىڭ ئارزۇسى ... لىنا. نيۇيۇيچىڭ (رۇس) 88
تۇرسۇنئاي تەرجىمىسى
قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىش ......
................................ چىن فاڭبو 101
پەتتار شۈكۈر تەرجىمىسى
يايلاقتىكى ئىككى ئەۋلات ... ئەخمەت چوقات (قازاق) 114
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغىنىڭ كۆۋرۈكى بولىمەن ........
........................... گوەن بىڭۋىن (شۋە) 123
ئىنقىلاپ ئىبقىنىدىكى دولقۇن ............ ياڭ تيەنيۈن 130
پەتتار شۈكۈر تەرجىمىسى
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىغى چوڭ ئائىلىسى ... چىن گوجۇ 143
نىياز تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆز بېشى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو — بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك رايون. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئىتتىپاقلىق — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ كەلدى، مانا بۇ توسىۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى ئېپتىدائىي يايلاقتا ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل شەھەرنى بەرپا قىلدى.

لېنىن: «پومېششىك ۋە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مىللەتچىلىكى (يات مىللەت)كە زەربە بېرىشنى بانا قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنى پارچىلاش ۋە چىرىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.» (يەنە «مىللەتچىلىك» توغرىسىدا) دىگەن ئىدى. ھەر قايسى مىللەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار دەل مۇشۇنداق. ئۇلار ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ۋە مىللىي ئايرىمچىلىق پەيدا قىلىش

ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قې-
لىشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ ھەر
مىللەت ئارىسىدىكى ئىلغار زاتلار ۋە ئەمگەكچى خەلق
قىلچە تەۋرەنمەستىن زىچ ئىتتىپاقلىشىشتەك تارىخىي ئەن-
ئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، خۇددى لېنىن يۇقۇرىدىكى
ماقالىسىدا ئېيتقىنىدەك، «ئۇلار ئەمىلىيەتتە ھەر مىللەت
ئىشچىلىرىنىڭ تولۇق باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ
تۇرىدۇ.» مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋە-
تەننىڭ بىرلىكىنى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئورتاق ھىمايە
قىلىشى — شىنجاڭ تارىخىدىكى ئاساسىي ئېقىم، شۇنداقلا
ئۈرۈمچى تارىخىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بول-
غان ئۈرۈمچى، پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا ئوخشاشلا، قەدىم-
دىن تارتىپ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۈرۈم-
چىنىڭ تارىخى — ھەر قايسى مىللەت ئورتاق ياراتقان
ۋە بېيىتقان تارىخ. شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتى-
پاقلىشىپ، تاجاۋۇزچىلارغا، زالىملارغا قارشى تۇرۇش تارى-
خى. بۇ يىل — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇل-
غانلىقىنىڭ 30 يىللىقى شۇنداقلا ئۈرۈمچى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
220 يىللىقى، بىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇ-
رۇش ئۈچۈن، بۇ سان «ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى»-
نى «ئۈرۈمچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى» مەخسۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سانى قىلىپ تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلماقچىمىز.

بۇ مەخسۇس سانغا — خەنزۇچە«ئۈرۈمچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى»دىكى ماقالىلاردىن تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ماقالىلارنىڭ ئاپتورلىرى ئاساسەن سىياسى كېڭەش ئەزالىرى، تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئىشتىن سىرتقى تارىخىي ماقالا يازغۇچى خادىملاردىن تەركىپ تاپقان. كىرگۈزۈلگەن ماقالىلار مەزمۇنى جەھەتتە گەرچە ھەر بىرىدە بىر تەرەپكە كۆپرەك ئېتىۋار بېرىلگەن، ماتېرىيال تاللاش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئاپتور ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ماتېرىياللاردۇر. بۇ مەخسۇس سانىنىڭ ئاپتورلىرى گەرچە تولۇپ تاشقان ئىنقىلاۋىي ئىپتىخارلىق بىلەن بۇ سانىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى پائال قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارقانداقلا بولمىسۇن مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولمىغانلىقى،ئۇنىڭ ئۈستىگە تەھرىرلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، خاتالىقلاردىن خالى بولۇش تەس. كىتابخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

# قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوللىشى دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى

زەن يۈيلىن

دىخۇا (ئۈرۈمچى) شىنخەي قوزغىلىڭى 1911 - يىلى 28 - دېكابىر يەنى 10 - ئۆكتەبىر ئۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن 80 كۈن ئۆتكەندە پارتلىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى دىخۇا شەھىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرى توپلاشقان ئورۇن بولۇپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ئىنتايىن قەبىھ، ساقچى ۋە ئەسكەرلەر قاتتىق ئېھتىيات بىلەن قوغداپ تۇرغانلىقتىن، ئىنقىلاپچىلارنىڭ ئۇچاڭ قوزغىلىڭى پارتلاپ 2 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قاينام - تاشقىنلىق قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرەلىشى ھەرگىز مۇتەسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى. دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىنى كۆپلىگەن ئامىللار ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئامىل ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بولدى. ئۇ چاغدا دىخۇا شەھىرىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 60 ئادەم مىڭ بولۇپ، بۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇننى ھېساپقا ئالمىغاندا ئاھالىلار پەقەت 40 مىڭدىن

www.uyghurkitap.com

ئارتۇغراق، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت ئاھالىلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇقراقنى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭا، ئەگەر قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوللىشى بولمىغان تەقدىردە ئىنقىلاپچىلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستى.

ئېنگېلس 1845 ـ يىلىلا مۇنداق دېگەن: «پۈتۈن دۇنيا پۈرولېتارلىرى ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە، ئورتاق دۈشمىنى بار، ئوخشاش كۈرەشكە دۇچكېلىدۇ؛ بارلىق پۈرولېتارلاردا تۇغۇلۇشىدىلا بىر تەرەپلىمە مىللىي كۆز قاراش بولمايدۇ.» («پارىژدا ئېچىلغان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»).

ماۋجۇشى 1956 ـ يىلى مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگو تارىخىغا تۆھپە قوشقان.» («ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا»).

دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ئېنگېلس ۋە ماۋجۇشىنىڭ دانا ھۆكۈمىنى دەل جايىدا ئىسپاتلىدى.

دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن، (1) تۇڭمېڭخۇي (ئىتتىپاقداشلار جەمىيىتى) نىڭ سىرتىدىكى تەشكىلات «گېلاۋخۇي» پارتىيىسى كىشىلىرى دىخۇا رايونىدا ئىنتايىن جانلانغان، دىخۇا رايونىنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتـ

① تۇڭمېڭخۇي: ـ 1905 ـ يىلى ياپونىيىدە قۇرۇلغان ئىنقىلاۋىي پارتىيە.

لىرىگە مەسئۇل بولغان خۇيداڭ تەشكىلاتى «دىلۇگسەن»نىڭ 5 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار بولۇپ، بۇنىڭ كۆپىنچىسىنى شەنشى ـ گەنسۇدىن ئېقىپ كەلگەن خەنزۇلار تەشكىل قىلاتتى. شۇنداقلا يەرلىك خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. خەلق ئاممىسى ۋە يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بۇ ئىنقىلاۋىي كۈچ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەكسيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن زور تەھدىت ئىدى. خۇددى چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىنىڭ يېپىشسى چىبىن گەيتۇڭ پادىشا شۋەنتۇڭغا سۇنغان مەكتۇبىدا: «شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى (دىخۋا شەھرى)......... ھەربى تەييارلىق بوش، ئوغرىلار («گېلاۋخۇي» پارتىيەسىنى دېمەكچى) ھەممىلا يەرگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت توپىلاڭ كۆتىرىش خەۋپى بار......... شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارلىرىغا دەرھال ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، قاچاقلارنى تۇتقۇن قىلىش، ھەمدە يەنە بىر تەرەپتىن ھەربى تەييارلىقنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوغرى، باندىتلارنى تازىلاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلسە ئىكەن، بۇ ئىشقا قىلچە بىپەرۋالىق قىلىنىشقا بولمايدۇ.» دېيىلگىنىدەك ئىدى. شىنجاڭنىڭ شۈنفۇسى ليەن كۈي ۋەكىللىگىدىكى يەرلىك ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپ چىڭ ئوردىسىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن ھەربى تەييارلىقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنقىلاۋىي پارتىيە ئەزالىرىنى قانلىق باستۇردى. 1910 - يىلى 8 - ئايدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئەمەلدارى تيەن شىنيەن، خۇيداڭنىڭ جەكچىسى جاڭشىڭكۈينى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، «15-ئاۋغۇست» ۋاڭگاۋشىڭنىڭ داشىزى ئەتراپىغا ئوت قويۇش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ۋاڭگاۋشىڭنىڭ ئوت قويۇش ۋەقەسى دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىنىڭ ئالدىنقى يىلى يۈز بەردى. شۇڭا، ئۇ شىنخەي قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېساپلىنىدۇ. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» دە ۋاڭگاۋشىڭ خۇيداڭ ئىنقىلاپچىلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئوت قويغان ۋاقىتتا، «بىر ئەزىمەت يەڭ تۈرۈپ چىقسا، ھەر تەرەپتىن ئاۋاز قوشۇپتۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ھەممە تەرەپتىن ئاۋاز قوشقان» ئىنقىلاۋىي قوشۇن ئىچىدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بار - يوقلۇغى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئەكسىيەتچى يەرلىك دائىرىلەر ئوت قويغۇچى «جىنايەتچى»لەرنى تۇتقۇن قىلغان ۋاقىتتا، ئوت قويۇشقا قاتناشقان قىسمەن خۇيداڭ ئەزالىرى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوغداپ قېلىشىغا ئېرىشتى.

دىخۇا شىنخەي قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ليۇشيەنجۈن تۈڭمېڭخۇينىڭ ئەزاسى ئىدى. ياپونىيىدە ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، خۇنەن، جياڭسۇلاردا ھەربىي ساھەدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1911- يىلى 22- ئۆكتەبىر دىخۇاغا كەلگەن.

شىنجاڭنىڭ شۇنفۇسى يەندا خۇا، ليۇشيەنجۇننىڭ دىخۇاغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىراپ - سالدىراپ ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ ھەمدە شىنجاڭ ئەسكەر تەربىيىلەش ئىشتاۋىنىڭ تەربىيىلەش ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەيدۇ. لېكىن ليۇشيەنجۇن ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەي، ئەينى ۋاقىتتىكى خۇيداڭنىڭ پائالىيەت نۇقتىسى بولغان دىخۇا① «گۇەن يىنگې»، (شەپقەت راۋىقى) نىڭ ئىچىگە ئورۇنلىشىپ، خۇيداڭنىڭ ئادەملىرىنى پائال تەشكىللەپ، قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرىدۇ. ئۇ چاغدا ياڭزېڭشىن قاتارلىق كىشىلەر ھەم غۇلجىدا قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. شۇڭا، يەندا خۇا، ليۇشيەنجۇننىڭ ھەركىتىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ ھەمدە ئېلان چاپلاپ: «كىمكى قوزغىلاڭ كۆتۈرىشكە، تۇپىلاڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن ھەرگىز كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ»دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پوپوزىسى ئىنقىلاپچىلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرىش قەدىمىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇرھان شەھىدى ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» دا مۇنداق يازىدۇ: «ياڭزېڭشىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ كىشىلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتتە مۇقەررەر رول ئوينايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەچكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش-

① گۇەن يىن: بۇددا دىنى بۇددىساتىۋالىرىنىڭ بىرى، شەپقەتچى دىگەن مەنىدە.

ئۇچىدىلا 5 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش يىغىلىدۇ. دىخ-شىنخەي قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىشتە روزى ھاجىنىڭ تۆھپىسى زور بولغانلىقتىن، ياڭزىڭشىن شىنجاڭدا «مىنگونىڭ دۇجونى» ۋەزىپىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن يالغان - راستلاتىن روزى ھاجىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن يىجاڭلىقىغا كۆرسىتىدۇ.

لىيۇشيەنجۈن رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابچىلار قوزغىلاڭغا ئاكتىپ تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە، خۇيدانىڭ خائىنى فۇشىخىڭ، جاڭسىيى قاتارلىقلار شەرمەندىلەرچە ئىقرار قىلغانلىقتىن، يەنداخۇا دەرھال جاللاتلىرىنى ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنىڭ زۇڭتۇڭى تاڭ شاۋيۈن، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى چېنگۇاڭ ئىككىسىنى تۈرمىگە ئېلىپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ. لىيۇشيەنجۈن مەخپىيەتلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلىدە تۈزۈلگەن قوزغىلاڭ پىلانىنى دەرھال ئۆزگەرتىدۇ - دە، پىلاندىن بۇرۇن، يەنى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كۈنى، ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمى نەنگۇەن فۇشۇخادىكى لىيۇخاجىڭ (ئەسلى ئىسمى لىيۇجىنسەي) نىڭ سۇ تۈگمىنى قوراسىغا يىغىلىدۇ. لىيۇخاجىڭنىڭ سۇ تۈگمىنى قوراسىنىڭ ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە قوماندانلىق قىلىدىغان ئىشتاپ بولۇشى — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شىنخەي قوزغىلىڭىنى قوللىغانلىقىنىڭ مەزكەزلىك ۋە گەۋدىلىك ئىپادىسى. لىيۇخا-

جىڭنىڭ نەنگۇەن فۇشۇخاڭدىكى سۇ تۇگمىنى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ جەم بولىدىغان جايى ئىدى. كەڭ قېرىنداش مىللەتلەر خەلقىنىڭ ھىمايىسى بولغاچقا، بۇ جايدا قوزغىلاڭ-نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش نىسبەتەن بىخەتەر ئىدى. ئۇندىن باشقا لىيۇخاجىڭ، چوڭ داۋلىلارنى چوڭ-قۇر چۈشىنىدىغان بىرتۇگمەن سودىگىرى بولغاچقا، خانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلاپنى باشتىن - ئاخىر ھىمايە قىلىپ كەلگەن ھەمدە ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىنىڭ ھەركەتكە يوشۇرۇن ئىق-تىسادىي ياردەم بېرىپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئىنقىلاۋىي پارتى-يە كىشىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە يىغىپ قوراللىق قوزغىلاڭنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خەنزۇخەل-قى بىلەن ھايات - ماماتتا بىرگە بولۇشنى خالايدىغانلىقى-نىڭ تەسىرلىك ئىپادىسى بولماي نىمە؟

لىيۇشيەنجۇن رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ 28 - دېكابىر كۈنى كوتىرىلگەندىن كېيىن قېرىنداش مىل-لەتلەردىن بولغان نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاۋىي جەڭچىلەر خەن-زۇ مىللىتىدىن بولغان ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىپ ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزدى. ئەپسۇس-لىنارلىقى شۇكى، خۇيزۇ جەڭچىسى مالىن ئۆزىنىڭ قەھرى-مانلىق نامىنى تارىخ سەھىپىسىدە قالدۇرۇپ كەتكەندىن سىرت، باشقا كۆپىنچىسى ئۆز ئىسمىنى قالدۇرمىغان. خۇي-زۇ جەڭچىسى مالىن، دىخۇا - نەنسەنلىك دېخان بولۇپ، قوز-

غىلاڭ كۆتىرىلگەندىن كېيىن ئۇ باشتىن ـ ئاخىر لىيۇشيەنـ جۇننىڭ يېنىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار ئىنقىلاۋىي پارتىيـ نىڭ بارلىق جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىر- قى بىر نۇقتىنا دۇشمەن تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىش ۋاقتىدا مالىن، لىيۇشيەنجۇننى ھىمايە قىلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتـ مەكچى بولىدۇ. لىيۇشيەنجۇن سەپداشلىرىغا: «ئۆلۈپ كەتـ سەكمۇ خۇاڭخۇاگاڭدىكى 72 نەپەر ئىنقىلاۋىي قۇربانىنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرىغاۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم» دەيدۇ ـ دە، مالىن ۋە بەختىكە يارىشا ھايات قالغان بىرنەچچە نەپەر ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرىگە قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتـۈش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. مالىن ئامالسىز قالغان ئەھۋال ئاستىدا، لىيۇشيەنجۇننىڭ ھىمايىسىدا ۋەنشاڭچۇنقاتارلىقـ لار بىلەن بىرلىكتە دۇشمەننىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچى قامالـ نى بۆسۈپ ئۆتۈپ نەنسەنگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ ھەمدە ۋەنـ شاڭچۇن قاتارلىقلارنى باشلاپ تىيانشاننىڭ قارلىق يوللىـ رىنى بېسىپ غۇلجىغا بېرىپ، ياڭزەڭشىن رەھبەرلىكىدىكى غۇلجا ئىنقىلاۋىي ھەربىلەر ئۆيۈشمىسىغا قوشۇلىدۇ.

ئىنقىلاۋىي پارتىيە كىشىلىرى دىخۇادا قوزغىغان شىنـ خەي قوزغىلىڭى گەرچە قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بىـ راق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئىپاـ دىلىگەن ساپ، سەمىمى ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىشىپ بىرلىكـ تە كۈرەش قىلىش روھى تىيانشاننىڭ قارغىيىغا ئوخشاش مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرىدۇ.

# 1933 - يىلدىكى دۇڭچاڭ كەنتى

## گـوشۆۋىن

دۇڭچاڭ كەنتى ئەسلى ئۈرۈمچىنىڭ يېقىن ئەتراپـ دىـكى تۇگۇك رايونىدا ئىدى. يەنـى هازىرقـى شىنـجاڭ سانائەت ئىنىستىتوتى بىلەن شىنجاڭ هەربى رايـون بـاش دوخـتۇرخانىسى يېنىغا توغرا كېلـىدۇ. دۇڭچـاڭ كەنـتى بوز يەر ئېچىلىپ تېرىقچىلىق قىلىنىشتىن بۇرۇن،چىڭسۇلالىسى چيەنلۇڭ دەۋرىدىكى يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئات مەيدانى ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي جۇجاۋەندىكىھەربى قورغاننى مەركەز قىلغان بولۇپ، قورغاننىڭ غەرپ تەرىپىدىكى ئـات مـەيدانى غەربىي مەيدان، قورغاننىڭ شەرق تەرىپـىدىكى ئات مەيدانى شەرقىي مەيدان دەپ ئاتىلاتـتى. دەۋرنـىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي ئات مـەيدانىدا ئاستا ـ ئاستا ئېتىز ـ ئېرىقلار بازلىقا كەلدى. شـۇنـىڭ بـىلەن بوزيەر دۇڭچاڭسۇن (شەرقىي مەيدان كەنتى)دەپ ئاتىلـىپ قالدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا،دۇڭچاڭـ سۇندا 1500 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر،20 نەچچە ئۆيلۈك دىخان بار بولۇپ 100 دىن ئارتۇق ئاهالىگە ئىگە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ دىخانلار 50% نى، خۇيزۇ دىخانلار 30% نى، ئۇيغۇر دىخانلار 20% نى ئىگەللەيتتى.

مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم نەچچە ئەۋلاتتىن تارتىپ دۇڭچانسۇنلۇق بولۇپ، بىز خۇيزۇ دىخانلىرى بىلەن خەنزۇ، ئۇيغۇر دىخانلىرى مۇشۇ يەردە ئەمگەك قىلىپ، بىرگە ياشاپ كەلگەن. گەرچە بەزىلىرى پومىششىك، بەزىلىرى ئىجارىكەش، بەزىلىرى ئازغىنا يەرگە ئىگە دىخانلار يەنى، هازىرقى تىل بويىچە ئېيتقاندا بەزىلىرى كەمبەغەل دىخان، بەزىلىرى هاللىق ئوتتۇرا دىخان ياكى تۆۋەن ئوتتۇرا دىخان بولسىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىت ئەكسىيەتچى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، هەرمىللەت خەلقى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈپ، هەرقېتىم دىخانچىلىق ئالدىراش بولىدىغان پەسىللەردە ئۆز ئارا هەمكارلىشىپ قوش كالىسى، دىخانچىلىق سايمانلىرى، ئورۇقلۇق ئۆتنە بېرىشەتتى، ئەمگەك كۈچى بىلەن ياردەملىشەتتى. هېيت ـ بايرام ۋە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشەتتە. ئەڭ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، هەرمىللەت ئۆز ئارا تىل ئۆگىنەتتى، دۇڭچاڭسۇندىكى هەممە ئۇيغۇر دىخانلىرى خەنزۇچىنى ناهايىتى راۋان سۆزلىيەلەيتتى؛ خەنزۇ، خۇيزۇ دىخانلارمۇ ئۇيغۇرچىنى يامان ئەمەس سۆزلىيەلەيتتى. شۇۋاقىتلاردا دۇڭچاڭسۇندا مۇنداق بىر خەلق ناخشىسى تارقالغان ئىدى:

غانلىقتىن كىمنىڭ يەرلىك خوۇيزۇ، كىمنىڭ ماشىمگىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالايتتى. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ كەنتتىكى خوۇيزۇلارغا ھېچقانداق چېقىلمىدى. جېنى شۇرپىن يىلتىزىدىن قۇرىتىش ئۈچۈن جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەتراپىمىزدىكى بىرقانچە كەنتتە گۇناسى بار - يوقلۇغىغا قارىماي ئۇچرىغانلىكى خوۇيزۇلارنى قىردى - چاپتى، نەتىجىدە نۇرغۇن خوۇيزۇلار قەتلى قىلىندى. بەزى خەنزۇ يولداشلارمۇ خوۇيزۇ دەپ تونىلىپ بىكاردىنلا ئۆلتۈرۈلۈپ تاشلاندى. ھازىرمۇ شۇنداق ئېسىمدە، جۇڭگو تەۋەسىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى دۈگچاك كەنتىمىزگە كىرگەندە خەنزۇ دېخانلارمۇ ئاۋالقى يېغىدا بىز ئۇلارنى قوغدىغان ئۇسۇل بويىچە، كۈچىنىڭ بېرىچە خوۇيزۇلارنى قوغدىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئورۇش تاماملانغان، جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى بىز تەرەپتىكى كەنتلەردە تۇرغان بولۇپ، ئۇلار ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ، پەقەت ئاياللار ۋە بالىلارنىلا قالدۇرۇپ، ئەركەكلەرنى ئۆلتۈردى ۋە تۇتۇپ كەتتى، بۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى پاك - پاكىز بۇلىدى، بۇنىمۇ ئاز دەپ، بەزىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ تاشلىدى. خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر دېخانلار پۈتۈن كەنتتىكى خوۇيزۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېلىپ باققانىنىڭ سىرتىدا تۇرلۇك ئامالالارنى قوللىنىپ تۇتقۇن قىلىنغان ئەركەكلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇتقۇزدى. مېنىڭ دادام، ئۈچ ئاكام ۋە بىر قېيىنى ئاكامنى تۇتۇپ كەتكەندە ئاپام بىلەن يەڭگەم دادام ۋە ئاكىلىرىمنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ روسلارنىڭ قېشىغا يېلىنىپ بارغاندا، شۇجايدىلا ئاق ئورۇس باندىتلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. باندىتلار ھۆزۈرخالىق ئېيتىشىپ بەرگەن شۇ يەرلىك بىر خەنزۇ يولداشنىمۇ ئېتىپ تاشلىدى. ئۇ چاغدا دادام ۋە ئاكىلىرىمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار سوراققا تارتىلغاندا خەنزۇ تونۇشلار چىقىپ قېلىپ: «بۇلار مۆمىن پۇقرالار» دەپ ئارىلاشتى. نەتىجىدە دادام ۋە ئاكىلىرىم شۇلارنىڭ كېپىللىك قىلىشى بىلەن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ۋاقتىنچە شەھەردىكى تونۇش - بىلىشنىڭ ئۆيىدە پانالاندى. مانا مۇشۇنداق قىلىپ، دادام ۋە ئاكىلىرىم يولۋاس ئاغزىدىن ئاران دېگەندە قۇتۇلۇشتى. بۇ بىر مەزگىل كىشىنى يۈرەكزادە قىلىدىغان تارىخ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورۇنلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئېسىمدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، بىز دۆڭچاڭ كەنتىدىكى دېخانلار ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ئاساسىدا تۇگۇك، جۇڭيىڭگۈك، شىجايۈەنزى (ئون ئائىلە بېغى) تەرەپتىكى دېخانلار بىرلىشىپ بىر يېزا بولۇپ تەشكىللەندۇق، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى يېزىمىزغا ئىتتىپاق يېزىسى دېگەن نام قويۇپ بەردى. ئىتتىپاق يېزىسىدىكى ھەر مىللەت دېخانلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە

دېموكراتىيىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋاقتىدا مېنى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە يېزا باشلىقلىقىغا سايلاشتى. ئىجارە كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق، بىز جەۋرى - زۇلۇمنى تەڭ تارتىدىغان قاغىش كۆنلەردىن قۇتۇلۇپ، بەخت - سائادەتتىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولىدىغان سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ ماڭدۇق.

شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ كۆنسايىن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ مەزگىلدىكى دۇڭچاڭ كەنتى ۋە ئىتتىپاق يېزىسىنىڭ نامى گەرچە يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايلاردىكى ئۇرۇق - تۇققاندەك ئۆتكەن ھەر مىللەت دېھقان قېرىنداشلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەر ساھە - ھەر سەپلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مەن تارىخنىڭ گۇۋاچىسى

سەلىم گىرەي (تاتار)

مەن ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان تاتار. ئاتا ـ بوۋىمىز ئۇرۇمچىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. مېنىڭ ئۇرۇمچى شەھىرىگە مۇھەببىتىم چوڭقۇر، ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ سۆيىمەن. كونا جەمئىيەتتە: «كەسىپداشلار رەقىپ بولىدۇ» دەيدىغان سۆز بار ئىدى. لېكىن مەن شۇنى چوڭقۇر ھىس قىلدىمكى، بىز ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت سودا ـ سانائەتچىلىرى رەقىپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى دوست ئىدۇق.خەنزۇ سودا ـ سانائەتچىلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت سودا سانائەتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت ئۇزۇن يىللىق تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن. يىراقنى سۆزلىمەي قوياي، پەقەت شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇيانقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭزېڭشىن گەرچە تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مىللى ئېكسپىلاتاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن دەۋر ئوخشىماي قالدى. ھەر مىللەت خەلقى بىرىش ـ كېلىش قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. سودا ـ

سانائەتچىلەر ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشىدىغان، ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. شۇڭا خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ياڭشاۋجۇ بىلەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ كاتتىۋېشى روزىھاجىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ھەر مىللەت سودىگەرلىرى پۇل توپلاپ نەنمىڭ رايونىدا ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بىرلىكتە سودا قىلىدىغان چوڭ ئۈستى يېپىق بازار ياسىدى. بۇ ياپما بازارنىڭ كۆلىمى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ ئىدى. شىمالىي چېكى ھازىرقى نەنمىڭ باش، ئاياق كىيىم ماگازىنىغا، جەنۇپ تەرىپى نەنمېن مېچىتىگە تاقىلاتتى. كەڭلىكى 12 مېتىر، ئېگىزلىكى ئىككى قەۋەت بىنادەك كېلەتتى، ئۈستى سىرلانغان قومۇش بىلەن يېپىلغان ئىدى. ئۈستى يېپىق بازاردا يىلبويى ھەر مىللەت سودىگەرلىرى سودا قىلاتتى، تەرتىپ ياخشى، كەيپىيات قىزغىن بولۇپ ھەقىقەتەنمۇ ئىناق چوڭ ئائىلىگە ئوخشايتتى. شۇڭا ئەينى چاغدىكى ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى: «بىز ياپما بازار ئاستىدىكىلەر» دېيىشەتتى، بۇنىڭ مەنىسى ئىتتىپاقلىقنى، دوستلۇقنى، ئورتاق پايدا-مەنپەئەتنى بىلدۈرەتتى. تېخىمۇ مۇھىمى بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش قولايسىز، بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىشكنى ئېتىۋېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئايرىۋېتىلگەن ھالەتتە تۇراتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بۇ خىل تەبىئىي ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان توساقلار تۈپەيلىدىن تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بۇيۇملارغا بول-

غان تەلەپنى توختىتىپ قويمىدى، ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ چاي، تاۋار-دۇردۇن، رەخ، ھەتتا يىپ-يىڭنىلەرگە ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى خەنزۇ سودىگەرلىرى جاپا، خەۋپ - خەتەرلىك سەپەر ئارقىلىق ياكى موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر يىل، يېرىم يىل يول يۈرۈپ شىنجاڭغا توشۇپ كېلەتتى. تىل ۋە تۇرمۇش ئۆرپ ئادىتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئازسانلىق مىللەت سودىگەر-لىرى ئىچىدە مىڭلىغان چاقىرىم خەتەرلىك يوللارنى بېسىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت سودىگەرلىرى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار مەسىلەن: تېرە - يۇڭ، ئۈچەي، قۇرۇق مېۋە، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ سېتىشتا خەنزۇ سودىگەرلەرگە تايىناتتى. ئىقتىسادىي جە-ھەتتىكى بۇ خىل قويۇق مۇناسىۋەت تەبىئىي ھالدا خەنزۇ سودىگەر-لىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت سودىگەرلىرى ئارىسىدىكى ىچ ئىتتىپاقلىقنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئىككىنچىدىن، ىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەمەلىي تۇرمۇش تەج-بىسىدە پەقەت جەمئىيەت ۋەزىيىتى تىنچ بولغاندىلا اندىن نورمال سودا بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدىغانلىقىنى وڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ـنىڭ دەسلەپكى يىللىرىنى ئەسلىسەك، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ـللى ئېكسپىلاتاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكتىن ھەر خىل رەككەپ تەرەپبازلىق ئامىللىرى بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭ-

نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قالايمىقان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن سودا پائالىيىتى تـوختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىـدى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى شىنجاڭغا توشۇپ كېلىنـمەيدىغان، شىنجاڭنىڭ يەرلىك توۋارلىرىمۇ ئىچكى ئۆلكـلـەرگە توشۇپ بېرىلـمەيدىغان، جـەنۇبـي شـىنجاڭـنىڭ سودىگەرلىرى شىمـالىي شىنجاڭغا كېلەلمەيدىغان، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سودىگەرلىرىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغابارالمايدىغان بولـۇپ قالغان ئىدى. سودىگەرلەرلا غـايـەت زور زىيـان تارتىپ قالماستىن، ھەرمىللەت خەلقىنىـڭ تۇرمـۇشىغـمۇ ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. 40 – يىللارنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ئەسلىسەك ئوسمان بـاندىت شـىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايـىى جـايلىرىـدا قوراللىق توپىلاڭ قوزغىغانلىقىدىن بىر مەزگىل سوداتوختاپ كەتكەن ئىدى. چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى كالا،قوي گۆشلىرى ۋە ئاشلىق شەھەرگە كەلمەيدىغان، شەھـەردىـكى چاي، رەخلەر يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىغاتوشۇپ بېرىلمايدىغان، شەھەر خەلقى يېمەكلىكتىن قىسىلسا، يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرى خەلقى كىيىم – كېچەكتىن قىستىلـدىـغـان بولۇپ قالغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن خەلـق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئوسمان توپىلىڭىنى تىنجىتتى. سـودا پائالىيىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھەرمىللەت سودىگەرـ لىرى ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى خۇددى ئۇزۇن يىل ئايـرىلـىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن قېرىنداشلار كۆرۈشكەندەك قىزغىن كەيپىياتنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سودىگەرلىرى ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولۇشۇپ، ئۇزۇن مۇددەت سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ئارا چۈشىنىشكەنلىكىدىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تاۋارلارنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈشۈپ بېرىشەتتى. مەسىلەن: ھەر يىلقى باھار بايرىمىدا قاراشەھەر ۋە ئالتايدىكى مىللى سودىگەرلەر يېڭى بېلىق ۋە گۆشنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ خەنزۇ خەلقىنىڭ بايراملىق يېمەكلىكىنى تەمىنلەيتتى. ھەر يىلى مىللەتلەرنىڭ بايراملىرىدا خەنزۇ سودىگەرلىرى مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل تاۋارلارنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئۆز ۋاقتىدا توشۇپ ئاپىرىپ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بايراملىق تۇرمۇشىنى بېيىتاتتى.

يۇقۇرقى ئۈچ نۇقتا ئۈچ تال يىپتەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سودىگەرلىرىنى بىر بىرىگە چىڭ بىرلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ھازىرقى سۆز بىلەن ئېيتساق، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدۇق.

مەن 70 تىن ئېشىپ قالغان ئادەم، مەن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىم بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت سودىگەرلىرىنىڭ ئەزەلدىن تالاش - تارتىش پەيدا قىلمىغانلىقىنى، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇقلا بولۇپ، ئۇرۇش-

تالاش بولمىغانلىغىنى، ئەكسىچە تېخىمۇ ھۆكۈمران سىنىپلار مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان كونىلەردىمۇ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى دەپ سوغاقچىلىق پەيدا بولمىغانلىغىنى ئىسپاتلايمەن. ماڭا تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى ئۇرۇمچىدىكى خەنزۇ سودىگەرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېيت - بايراملىرى ياكى توي تۆكۈن قاتارلىق خوشاللىق كۈنلىرىدە ئۇلار ھامان سوغا - سالام بىلەن كېلىپ تەبرىكلەيتتى. سوغاتنى قىزىل قەغەز بىلەن ئوراپ، ئۇستىگە تەبرىك سۆزلىرىنى يېزىپ قوياتتى. مەن، ئۇرۇمچىدىكى سارايلاردا تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ھېيت - بايراملاردا سارايىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ياخشى سەي - تاماقلارنى تەييارلاپ ئۇلارنىڭ بايرام، ھېيتىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، مېھمان قىلىۋاتقانلىغىنى دائىم كۆرەتتىم.

مېنىڭ تارىخنى ئەسلىگىنىم، كونا جەمىيەتنى مەدھىيىلىگىنىم ئەمەس، بەلكى سودا - سانائەتچىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىتتىپاق ئۆتكەنلىگىنى چۈشەندۈرگىنىم، ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ياش ئەۋلاتلارنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئۇرۇمچىنى يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك يېڭى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىنىمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قان بىلەن يۇغۇرۇلغان دوستلۇق مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ

شى جىژشياڭ (داغۇر)

مېنىڭ مىللىتىم داغۇر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، بۇ يىل 75 ياشقا كىردىم. ياشلىق دەۋرىمدىنلا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، روس ۋە قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، تەڭدىن تولا ئۆمرىمنى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزدۇم.

شىنجاڭدىكى داغۇر ۋە شىۋە مىللىتىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مىلادى 1764 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى) شىڭجىڭ (ھازىرقى شېنياڭ) دىكى سەككىز تۇغ قوشۇنىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلگەن. ئۇ چاغدا چېگرىنى قوغداشقا كەلگەن قوشۇننى مىللەتكە قاراپ ئىككى گازارمىغا بۆلگەن. بۇنىڭ بىرى شىۋەلەر يىڭى (گازارمىسى)، يەنە بىرى سۇلۇن (داغۇر) يىڭى ئىدى. چوڭ بوۋام (تۇكەڭەن) داغۇر يىڭىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇلار شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ۋۆچەكنىڭ ئاچىل (كۈئارىيېنشىر) قاتارلىق جايلارغا ما-

كانلاشتى. مەن 1911 ـ يىلى دەل مۇشۇ ئاچىلدا دۇنياغا كەلدىم.

بۇ قوشۇننىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىدى ئېلىمىزنىڭ تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. شىنجاڭ، بولۇپمۇ چۆچەك كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولغاچقا، بىز كىچىكىمىزدىنلا چوڭلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم ـ تەربىيىسىنى ئېلىپ، قېرىنداش مىللەتلەر تىلىنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ داۋلىلىرىنى چۈشۈنۈۋالغان ئىدۇق. 1929 ـ يىلى مەن چۆچەك ناھىيىسىنىڭ تولۇق باشلانغۇچ مەكتىۋىنى تاماملاپ، شۇيىلى داغۇر ساۋاقدىشىم مېڭكو، خەنزۇ ساۋاقدىشىم ليۇ جىڭشياڭ ۋە ساڭ زېجى قاتارلىق تۆتەيلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، يېڭى 4 ـ سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردۇق. ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن مەن ۋە مېڭكو ئىككىمىزنىڭ خەنزۇچە ئاساسىمىز ئاجىزلىقىدىن ئۆگىنىشتە قىينىلىپ ئارقىدا قالدۇق. بۇ چاغدا، ۋاڭ دېيۈي قاتارلىق خەنزۇ ساۋاقداشلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ بىزگە ياردەم قىلدى. نەتىجىدە، بىز ئۆگىنىشتە ناھايىتى تېزلا پۈتۈن سىنىپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋالدۇق. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا ۋاڭ دېيۈي بىرىنچى بولدى، ئۇنىڭ ئۇكىسى ۋاڭ دېچېن ئىككىنچى بولدى، مېڭكو ئۈچىنچى، مەن تۆتىنچى بولدۇم. مېنىڭ مۇنداق ياخشى نەتىجىگە

www.uyghurkitap.com

ئېرىشىشىمنى خەنزۇ ساۋاقداشلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قىلـ
غان ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1932 ـ يىلى مەكتەپنى تاماملاپ، چۆچەككە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيىلىك خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىيات مەكتىۋىگە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندىم. چوڭلار دائىم ماڭا: مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇلار، سەن ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە چوقۇم ياخشى بول، دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى. بۇ مەسىلىنى مەن ئاللىبۇرۇنلا چۈشەنـ
گەن بولساممۇ، چوڭلارنىڭ نەسىھەتى ئىشەنچەمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بىر يىلدىن كۆپرەك خىزمەت ئۆتەپ، خەنزۇ ئوـ
قۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدۇم، خەنزۇ ئوقۇتقۇـ
چىلارمۇ بار كۈچى بىلەن ياردەمدە بولدى. ئەمما بۇنداق ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. 1933 ـ يىلى 11 ـ ئايـ
دا ماخىيىڭ قىسىملىرىنى باشلاپ، چۆچەككە قورشاپ ھۇـ
جۇم قىلدى. مەكتەپ ئوقۇش توختىتىشقا مەجبۇر بولدى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەر يەرلەرگە پانالانغىلى كېتىشتى. ئۇچاغـ
دا مەن بەنبۇك ئىسىملىك داغۇر بىلەن بىرىمىزبىردىن ئات ئۆتنە ئېلىپ، ئاچىلغا بېرىۋالماقچى بولدۇق. بىز يولـ
دا قېچىپ كېتىۋاتقان ئىككى خەنزۇ يولداشقا يولۇقۇپ، دەرھال بەنبۇك بىلەن ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنگىشىپ، يەنە بىر ئاتنى بوشىتىپ ئۇ ئىككى يولداشقا بېرىپ، بىرلىكتە قاچتۇق. بىر سائەتتەك يول يۈرگەندە، ئالدىمىزدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز ئەمدى ئاتتىن چۈشۈپ، مۈكىنىشكە

تەمشىلىپ تۇرغاندا ماخىيىگىنىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەپ
قالدى. ھىلىقى خەنزۇ ھەمرايىمىزنىڭ بىرى نەق مەيدان-
دىلا ئوق تېگىپ قازا تاپتى. بەنبۇك بىلەن ئىككىمىزمۇ
پات - پاراق بولۇپ ئايرىلىپ كەتتۇق. تۇيۇقسىز خەنزۇ
يولداش مېنى تارتىپ ياتقۇزدى، ئىككىمىز جەسەتلەر ئارى-
سىدا تىن تاتماي يېتىۋالدۇق. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا قاتتىق
قىلىپ: «قىمىرلىماڭ» دېدى ۋە ئىسسىق قانلاردا مېنىڭ
يۈزۈمنى يۇتۇنلەي بويىۋەتتى. ماخىيىڭ باندىتلىرى بىر
مەھەل ئۇياق - بۇياقنى ئاقتۇرۇپ، بىرەر تىرىك جان تا-
پالماي، كۆرەڭلەشكەنچە كېتىشتى. باندىتلار ئۇزاپ كەت-
كەندىن كېيىن، مەن ھەمرىيىمنى قوپۇپ قېچىشقا ئۈندى-
سەم، ئۇ قىمىرلىماي ياتاتتى. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ زەڭ
سالسام، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەبىدى يۇمۇلغان بولۇپ، كۆكرى-
كىدىن ئىسسىق قان توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىز بىرگە قاچقان تۆتىمىزدىن يالغۇز مەنلا ئامان
قالدىم. مەن ئېچىنغان ھالدا بۇ خەنزۇ يولداشنىڭ قېشىدا
تاكى قاش قارايغىچە تۇرۇپ، ئۇنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدال-
شىپ، توختىماي نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى يۈگۈرۈپ، تۈن
يېرىمىدا ئاران دېگەندە ئاچلىغا يېتىۋالدىم. ئەتىسى ما-
خىيىڭ باندىتلىرى دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇ-
رۇپ: بىرىنچى، سوقۇندۇرۇۋالغان خەنزۇلارنى دەرھال تاپ-
شۇرۇڭلار؛ ئىككىنچى، بىزگە ئىنئام قىلىڭلار؛ ئۈچىنچى،
بىزگە ئاشلىق، يەم - خەشەك، كالا، قوي تاپشۇرۇپ ياردەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىڭلار، دەپ توۋلاشتى. بىزمۇ ئۈچ ۋەكىل سايلاپ، دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ: بىرىنچى، بىزنىڭ بۇ يەردە خەنزۇلار يوق، ھەممىسى داغۇرلار (ئەمىلىيەتتە خەنزۇلار بار بولۇپلا قالماي، باشقا مىللەتلەرمۇ بار ئىدى). ئىككىنچى، بۇ يەردە كالا، قوي ۋە يەم ـ خەشەك كۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھالال ئەمگىكىمىز، باشقىلارغا ئاسان سوغات قىلالمايمىز. ئەگەر سىلەر بۇلاشقا كەلسەڭلار بىرىڭلارمۇ دەريادىن ئۆتەلمەيسىلەر! دەپ توۋلاشتۇق. بىزنىڭ بۇ ھەيۋىمىز ئۇلارنى چۆچۈتكەن بولۇشى كېرەك، باندىتلار دەريادىن ئۆتۈشكە پېتىنالمىدى. بىز كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چارۋا ماللار ۋە ئاشلىقنى پۇختا يوشۇردۇق. ئەمما نەچچە كۈنگە بارمايلا، ماخىينىڭ باندىتلىرىنى ئۆلكە ئارمىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا قوغلىۋەتتى.

شىنجاڭ تىنچلانغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى 1934 ـ يىل تۇنجى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىردى. مەن داغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. قۇرۇلتايدىن كېيىن، شىبە، داغۇر، مانجۇ ۋە موڭغۇل قاتارلىق تۆت مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندىم. بۇ مەزگىللەردە مەن تۆت مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپلا قالماي، تۆت

خىل تىل بىلىشتەك ئالاھىدىلىكىمنى جارى قىلدۇرۇپ تەر-
جىمە خىزمىتى بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا ئاز - تولا ھەسسە قوش-
تۇم. 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە
ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھاياتىمنى
چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىدىم. 1954 - يىلدىن تارتىپ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يىمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ چارۋىچىلىق
باش مەيدانى (زۇگجاڭ)نىڭ سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەپ كەل-
دىم. باش مەيدانغا قاراشلىق سەككىز شۆبە مەيدان
ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ رايونى، يەنجى ۋە خېجىڭ قا-
تارلىق جايلارغا تارالغان بولۇپ، ئون ئۈچ مىللەتتىن تەر-
كىب تاپقان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى - خىز-
مەتچىسى بار ئىدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ تەربىيە-
سى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە ئۈزەم ئۈلگە بولۇش
نەتىجىسىدە، سەككىز مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر
كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، زىچ ئىتتىپاقلى-
شىپ بىر نىيەتتە ئالغا باستى. 1964 - يىلى باش مەيدان
بىر كىچىك قوي ھەيدەش ئەترىدىنى ئاجرىتىپ، يەنجىگە
قوي ھەيدەشكە ئەۋەتتۇق. قويلار يەنجىدىن ھەيدىلىپ
تىيانشاننىڭ مۇز داۋىنىدىن ئۆتكىچە، بىر ئۆشكە تىك يار-
غا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك دۆلەت مۈلكىنىڭ زىيانغا
ئۇچرىشىغا چىداپ تۇرالمىسىمۇ، لېكىن ئۆشكىنى قۇتۇلدۇ-
رۇشنىڭ چارىسىنى قىلالمىغان. بىر خەنزۇ چارۋىچى: مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىنىمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، ئۈشكىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقمەن دەپ تەمشىلىشىگە، قازاقچارۋىچى تۆلبۆبېك: مەن تاققا چىقمىشتا خېلى ياخشى، مېنىڭ چۈشكىنىم تۈزۈك دەپ سىرلىپلا تىنك يارنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ، بىر قولىدا ئۈشكىنى تارتىپ، بىر قولىدا يارغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، بەختكە قارشى قۇربان بولدۇ. گۈرۈپپىدىكى بارلىق يولداشلار تۆلبۆبېكنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇردى، جەسەتنى يارىدىن ئېلىپ چىقىپ، قوتاز ئۈستىدىكى قازان - قومۇچلارنى تاشلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆلبۆبېكنى ئارتىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ چارۋىچىلىق مەيدانىغا كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، بۇ قازاق چارۋىچىنىڭ جەسىدىنى چارۋىچىلارنىڭ ئۆتەر يولى بويىغا دەپنە قىلدى. شۇندىن ئېتىۋارەن، قوي ھەيدەپ ئۆتكەنلىكى چارۋىچى، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ قەۋرىسىنى سۆيەرمەي ئۆتمەيدۇ.

1960 - يىلى قىشتا، مەن خىزمەت تەكشۈرۈشكە يەنجى چارۋىچىلىق مەيدانىغا يولغا چىقتىم. مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئۇزۇن بارماي، قار - شىۋىرغانلىق بورانغا يولۇقۇپ قالدىم. ئېتىم بوراندا سەنتۈرۈلۈپ ئارانلا ئىلگىرىلەۋاتقان بولسىمۇ، مەن يىراقتىن ئىككى قارا شولىنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئېتىمنى قامچىلاپ بېرىپ قارى-

سام، ئەسلىدە تاشقورغاندىن ئىنىش ئىزلەپ چىققان ئىككى قىرغىز ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ مۇز داۋاندا ئىزىنىپ يۈرگىنىگە ئىككى كۈن بولغان بولۇپ، توڭلاپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى. مەن دەرھال بۇ ئىككى قېرىنداشنى بىر يوغان تاش ئاستىغا جايلاشتۇرۇپ، لىجۇۋامدا ئۇلارنى ئوراپ، ئۇلارنىڭ بۇ چوڭ تاش تۈۋىدىن ھەرگىز نېرى كەتمەسلىكىنى جىكىلەپ، ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ئېتىمنى چاپتۇرۇپ 30 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، تاغ جىلغىسىدىن موڭغۇل چارۋىچىلارنى تېپىپ، ئۇلارغا ئىككى ئادەم ئېلىپ ئىككى ئات يېتىلىتىپ تاقىقا بىرلىكتە كېلىپ، ھېلىقى خەتەرگە ئۇچرىغان ئىككى قىرغىز قېرىنداشنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق. كېيىن ئۇ ئىككىسىگە خىزمەتمۇ ھەل قىلىپ بەردۇق. مۇشۇ قېتىم يەنجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىش سەپىرىمدە مۇز داۋاندا پالاكەتكە يولۇقۇپ ئات - ئۇلاق بىلەن مۇز ئۆڭكۈرىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئاتتىن يىقىلىپ پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋالدىم. قازاق قېرىنداشلارنىڭ ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى بىلەن، دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ داۋالىنالىدىم. بالىنىستا ياتقان چاغدا، مەن خەتەرلىك جايدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى ئىككى قىرغىز چارۋىچى ئۆز قولى بىلەن سۇرلىگەن تاغ ئۆشكە گۆشىنى ئېلىپ مېنى يوقلاپ كەلدى.

ھازىر مەن پېنسىيىگە چىققان بولساممۇ، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇغى ئاستىدا شەھەرلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزا-

سى بولدۇم. دائىم ھەر مىللەتتىن بولغان كىشىگە ئەزالىـ
رى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىمەن ۋە خىزمەت قىلىمەن ھەممە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەقـقىدىكى ھېكـايىلەرنى كـەڭ ـ
تاشا ئېيتىشىمەن. مەن يەنە پەرزەنتلىرىمنى ئاتا ـ بوۋىـ
لىرى ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ ئېرىشكـەن مىلـلەتلەر
دوستلۇقىنى ئـەۋلاتـتىن ـ ئـەۋلاتـقا داۋاملاشـتـۇرۇشـقا
تەربىيىلەيمەن.

# سەنئەت ئائىلىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى

ئابدۇگول

بۇ يىل 85 ياشقا كىردىم، ئۆمرۈمدە پەقەت بىر ئىشـنىلا باشقا ئېلىپ چىقالىدىم. ئۇ بولسىمۇ سۇنەي چېلىش. بەزىلەر ئائىلىمىزنى نەچچە ئەۋلات «سەنئەت ئائىلىسى» دەپ ئاتىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، سۇنەي چېلىش بوۋىلىمىزدىن قالغان ئاتا كەسىپ ئەمەس. مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ،ساز چېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق ناخشىچىلىرى ئىدى. مېنىڭ ئەۋلاتلىرىم گەرچە ھەممىسى سەنئەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولـسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا سۇنەي چالمايدۇ. شۇنداق بولـسىمۇ ئۇلارنىڭ سەنئەتنى قىزغىن سۆيۈشى ــ خېلى دەـرىجىدە مېنىڭ تەسىرىمگە ئۇچرىغانلىقتىن بولدى.

ئەگەر مېنىڭ ئائىلەم ھەقىقەتەن «سەنئەت ئائىلىـسى» دەپ ئاتالسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمىز ــ خەنزۇ سەنئەتكارلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ، خالىسانە ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ داستانى.

پەقەت ئۆزەمنىڭ سۇنەي چېلىشنى ئۆگىنىشىمنى ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتساق، گەرچە ئۆزەم ئىسسىق ـ سوغاققا قارىماي، كېچە ـ كۈندۈز دىمەستىن نەچچە ئون يىلنى بىر كوندەك ئۆتكۈزۈپ، جاپالىق چىنىقىش ئېلىپ بارغان بولسامۇ، لېكىن كەسپتە قازانغان نەتىجەمنى بىر نەچچە خەنزۇ ئۇستىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مېنىڭ سۇنەي چېلىشىم ماھارەتتىن تاكى مەزمۇنغىچە — ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى بىلەن خەنزۇ خەلق سەنئىتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

1934 ـ يىلى، ئائىلىمىز ئۇرۇمچى نەنمىگدا تۆمۈرچىلىك قىلغاندا، مەن بىر تەرەپتىن ئاتامغا ياردەملىشىپ تۆمۈرچىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن ۋاقىت چىقىرىپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ سۇنەي چېلىشنى مەشق قىلدىم. بىر كۈنى بىر كىشى ئاتتا قىلاتقىلى كەلگەندە، مېنىڭ چالغان سۇنىيىمنى ئاڭلاپ ماختاپ كەتتى، ئۇ ئاتامغا: «سېنىڭ بالاڭنىڭ سۇنەي چېلىشتا تالانتى بار ئىكەن، مەنمۇ سۇنەي چېلىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر ياقتۇرساڭ مەن ئۇنىڭغا ياخشى ئاھاڭلاردىن بىر نەچچىسىنى ئۆگىتىپ قوياي» دىدى. ئاتام دەرھال قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئەلۋەتتە ئىنتايىن خوشال بولدۇم. ئەسلىدە، ئۇ كىشى شەرقىي شىمالدىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنىدىكى ئىچىدىكى بىر پەيجاڭ بولۇپ ئىسمى فەن شياۋلياڭ. كىشىلەر ئۇنى فەن پەيجاڭ دەپ ئاتىشىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ — شەرقىي شىمال جىلىنلىق

بولۇپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ ھەممىسى ئۇستا سۇنەيچى ئىكەن، ھەر قېتىم توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا كىشىلەر دائىم ئۇلارنى سۇنەي چېلىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۇنىيى مۇستەقىل بىر تەرەپ بولۇپ شەكىللىنىپ، كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى داڭدار خەلق سەنئەتكارلىرى بولۇپ قالغان ئىكەن.

شېڭشىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، ھەر يىلقى «12 - ئاپرېل» سىياسى ئۆزگىرىش غەلىبە قىلغان كۈننى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئەر - ئايال رەت بولۇپ، ناخشا - ئۇسۇل ئوينايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي شىمالنىڭ ياڭگې ناخشا - ئۇسۇلى (يەرلىك ئۇسۇل) ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا چوقۇم سۇنەي بىلەن تەڭكەش قىلىنىشى لازىم ئىدى. مىنىڭ فەن پەيجاڭدىن ئۆگەنگەن 1 - ناخشام — دەل شەرقىي شىمال ياڭگې ئۇسۇل مۇزىكىسى ئىدى. مېنىڭ سۇنەي چېلىشتا ئاساسىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى قېتىم چېلىپلا، چېلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋالدىم. شۇ يىلى «12 - ئاپرېل» مەزگىلىدە مەن ناخشا - ئۇسۇل ئەترىتىدە تەڭكەش قىلىپ بەرگەن ئىدىم، شېڭ شىسەي مېنى بايقاپ قېلىپ ھەيران بولغان ھالدا: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ شەرقىي شىمالنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يەرلىك ناخشا – ئۇسۇلغا چالالايدىغانلىغىنى ئويلاپ باقمى-
غان ئىكەنمەن» دەيدۇ ھەمدە ئۇ ناھايىتى خوشال ھالدا
بىز ناخشا – ئۇسۇل ئەترىدىدىكىلەرنى غەربىي بىنادا كۈتۈ-
ۋالدى. نەق مەيداندا مەن فەن پەيجاڭ ئۆگىتىپ قويغان
«كېلىنىنىڭ ئانىسىنىڭكىگە قايتىشى» قاتارلىق ناخشىلارغا
چېلىپ بەردىم. كېيىن يەنە فەن پەيجاڭدىن خېبېي باڭزا
(خېبېينىڭ يەرلىك ناخشىسى) ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىۋالدىم.
بۇ ئاھاڭغا چېلىشتا ئۇ ئۆزگىچە ماھارەتكە ئىگە ئىدى،
ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سونەينىڭ ئۇچىدىكى ئۇشتى-
گىنى ئېلىۋېلىپ بۇرنى بىلەن پودەپتۇرلۇك ئاھاڭلارنى چې-
قىراتتى. مەن بۇنى ئىنتايىن يېڭىلىق ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ
بۇ ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىل-
دىم. فەن پەيجاڭنىڭ خالىس ئۆگىتىشى بىلەن ئاخىرى ئۆ-
گىنىۋالدىم. شۇندىن ئېتىبارەن مەن سونەي چېلىشنىڭ ھەر
خىل شەكلى، مەزمۇنى ۋە ماھارەت جەھەتتە تېخىمۇ پىشىپ
يېتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتىم. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇقاملىرىنىلا ياخ-
شى كۆرۈپلا قالماي، خەنزۇ خەلقىنىڭ چاڭچىللىرىنىمۇ
ياخشى كۆرىمەن، داۋاملىق چاڭچىل كۆرۈپ ئاڭلايمەن. ئا-
ساسلىغى ھەر خىل چاڭچىللارنىڭ سونەي بىلەن چېلىنىدى-
غان ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ قانداق يەردە قانداق
ئاھاڭدا چېلىنىدىغانلىغىنى مېڭەمگە سىڭدۈرۈپ، ئۆيگە قايت-
قاندىن كېيىن دوراپ ئاخىرى ئۆگىنىۋالغىچە چالىمەن، شۇ

ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئاھاڭىدىكى چاڭچىلار خەلق ئارىسىغا
كەڭ تارقالغان، ئۈرۈمچى «يۇەنشەن تىياتىرخانىسى»دا شىنجاڭ
ئاھاڭىدا چاڭچىل ئېيتىش بىر گۇرۇپپىسى بار ئىدى. مەن
ئامال قىلىپ ئۇ گۇرۇپپىدىكى ئاتىسى خۇنەنلىك، ئاپىسى ئۇيغۇر
شىنجاڭ ئاھاڭىدا چاڭچىل ئېيتىدىغان بىر سەنئەتكار بىلەن
تونۇشتۇم. ئۇ ئارقىلىق ماشۇجىن، ۋاڭباۋشيەن، ۋېي گۇيخۇڭ،
ماۋەنلۇ قاتارلىق ناخشا ئارتىستلىرى بىلەن تونۇشتۇم، ماۋەنلۇ-
نى ئۇستاز تۇتتۇم. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئېيتىشتا
كۆپ تەرەپلىمە ماھارەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، چالغۇ
سازلاردىنمۇ ياخشى خەۋىرى بار ئىدى. ھەر خىل روللارغ-
مۇ چىقالايتتى. مەن دائىم چېلىنىدىغان ھەر خىل ئاھاڭ-
لارنى تېز ئۆگىنىۋالدىم ھەمدە تەڭكەش قىلىپ چېلىشقا
قاتناشتىم. شىنجاڭ ئاھاڭىدىكى شىجۈي تىياتىرلىرىدا سەن-
شۇەن (ئۈچ تارلىق ساز)، 4 تارلىق غىجەك ئاساس قىلى-
ناتتى. بۇ سازلارغا سۇنىيىم قوشۇلسا، خۇددى كىمخاپ ئۈس-
تىگە گۈل بېسىلغاندەك بولۇپ، تاماشىبىنلار ناھايىتى ياق-
تۇراتتى. ماۋەنلۇ (خۇيزۇ) بىلەن مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات
قىلغۇچىلاردىن ئىدۇق، شۇڭا ئۇ مېنى ناھايىتى ياخشى
كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى قىلچە قالدۇرماي ھەم-
مىسىنى ماڭا ئۆگەتتى. مەنمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، «سۇ سې-
تىش»، «رەخت سېتىش»، «ئەمانىڭ چىراق كۆرۈشى»
قاتارلىق 10 نەچچە چاڭچىلىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ناخشا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھاڭلىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدىم. سۆنىيىمنى ئارتىستىنىڭ ناخشىسىغا ماسلاشتۇرۇپ چېلىپ، چاڭچىلىگە ھەقىقەتەن كۆپ تۇس قوشتۇم.

خەنزۇ ئاكىلارنىڭ ياردىمى بىلەن مېنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ماھارىتىم يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان چاغلار — دەل جۇڭگو كومپارتىيىسى شىڭشىسەي بىلەن ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورناتقان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىپ، ياپونغا قارشى تەشۋىقاتنى پائال قاناتيايدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى مەزمۇن قىلغان ئويۇنلارنى پائال تەييارلاپ ھەمدە ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ خالىسانە ئويۇنى قويۇپ، ياپونغا قارشى ئىئانە توپلاش، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىۋاتقان ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرگە كىيىم - كېچەك ۋە دورا يىغىۋاتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرىدىغان، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرىدىغان سىياسىي تەشكىلات ئىدى. بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى ۋە سەنئەت ئۆمەكلى-

رى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇردۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن ياش، قاۋۇل ئىدىم. زېھنىي كۈچۈم تولغان، سىياسىي قىزغىنلىقىم ئۈستۈن ئىدى. سەنئەتتىكى ماھارىتىم بىلەن ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئىرادە باغلىغانىدىم. شۇڭا، ياپونغا قارشى تەشۋىقات ۋە ئىئانە توپلاش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاتلاندىم. ھەر تەرەپنىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتىم. شۇ چاغلاردا سۇنەي چېلىش جەھەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئويۇن قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز كىشىلىك سۇنەي چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بەزى كۈنى كەچلىرى بىر قانچە ئورۇننىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىگە قاتنىشاتتىم، بولۇپمۇ ھېيت- بايرام كۈنلىرىدە ھەرقايسى زاۋۇت- كان، كارخانا، ئورگان، مەكتەپلەر شەرقىي شىمال ياڭگىر ئەترىدى تەشكىللەپ، مېنى سۇنەي چېلىپ يول باشلاشقا بەس- بەستە تەكلىپ قىلاتتى. بۇ چاغدا پەن پەيجاڭ ئۆگىتىپ قويغان شەرقىي شىمال ياڭگىرى ئاھاڭلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزغىنلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولغاچقا، تەكلىپنى زادى رەت قىلالماي، كۈندىلىك پائالىيىتىمنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇراتتىم. بەزى چاغلاردا ھەتتا تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، ئۇدا 20 نەچچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سائەتلەپ ئويۇن كۆرسەتسەممۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم. بولۇپمۇ ھەر قېتىم خەنزۇ يولداشلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكىنىمدە، ئۆزەمنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك، چوغدەك ھېس قىلاتتىم. شۇچاغلاردا جاۋەن قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان تەجرىبە تىياتىر ئۆمىكى ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى چوڭ تېپلىك دىراما «كۈرەش»نى قويۇپ ئۈرۈمچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بىز بۇ دىرامىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تىياتىر بىلىملىرىنى ۋە رول ئېلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدۇق. شۇڭا بۇ سەھنە ئەسىرىنى مەتتىمىن يۇسۇپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر ئويۇشمىسىدا تەييارلاپ قويۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، سەنئەت ھاياتىم سۇنەي چېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ناخشا ئېيتىدىغان، دىرامىدا رولغا چىقىدىغان بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ يولداشلارنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىنىڭ نەتىجىسى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە مېنى يەنىمۇ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ يەرلىك كادىرلار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ماڭا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى، بولۇپمۇ مىللى سىياسەتنى ئۆگەللىتىپ، سوتسىيالىزىم يولىغا باشلىدى. مەن ئۆز ھاياتىمنى خەلققە، پارتىيىگە، پارتىيىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشقا ئىرادە باغلىدىم. 1951 - يىلى ماخەنبىڭ بۇجاڭ بىزنى بېيجىڭغا ئويۇن قويۇشقا ئاپاردى،

شۇ چاغدا ماۋجۇشىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى
رەھبىرىي يولداشلارنى كۆرۈپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئىبا-
رەت بۇ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىغىنى چوڭقۇر
ھىس قىلدىم. بېيجىڭدا ئويۇن قويۇش مەزگىلىدە، ماخەن-
بىڭ بۇجاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مىي لەنفاڭ، چاڭ
شياڭيۈي، خۇباۋلىن قاتارلىق سەنئەت ساھەسىدىكى ئا-
تاقلىق كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇق، ئۇلار بىزگە قىممەتلىك
تەلىم بەردى، مەنمۇ ئۇلارغا شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن ناخشىلى-
رىنى ئۆگىتىپ قويدۇم. مەن چاڭ شياڭيۈيدىن «خۇامۇلەن»
تىياتىرى ناخشىلىرىدىن بىر قانچە پارچىنى، مىي لەنفاڭ-
دىن «مۇگۇيىڭنىڭ جەڭگە قوماندانلىق قىلىشى»تىياتىرى
ناخشىسىدىن بىر قانچە پارچىنى ئۆگىنىۋالدىم، خۇباۋلىندىن
تىل سەنئىتىدىكى ماھارەتنى ئۆگەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن،
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 53 - يىلى، 56 - يىلى، 59 -
يىلى، 62 - يىلى، 64 - يىلى 5 قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ ئو-
يۇن قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن
ھەر خىل تىياتىر تۈرلىرىنىڭ ئۇستىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ،
خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆز ئارا ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆپ-
لىگەن خەنزۇ ئاكىلارنىڭ قىزغىن ياردىمى ۋە كۆڭۈل قو-
يۇپ يېتەكلىشىگە ئېرىشتىم. سۇنەي ئاھاڭلىرىم ھەر جاي-
نىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىپ، مۇزىكا نەزىرىيىسى-
سەۋىيەم بېيىپ، جەلپ قىلىش كۈچۈم ئاشتى. ھەر مىللەت
تاماشىبىنلىرىنىڭ تېخىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رىشتىم.

بىز دائىم قىسىملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تاغ ۋە يېـ
زىلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇپ تۇرىدىغانلىغىمىز ئۈ‌ـ
چۈن ئىخچام، مەزمۇنلۇق ئويۇن نومۇرلىرىنى تەييارلاشقا
توغرا كېلەتتى، شۇڭا بۇ جەھەتتە خەنزۇ يولداشلاردىن
ئاكتىپ ئۆگەندىم. 1953 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون
سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شاڭخەي ھەربىي
رايونىغا خەنزۇ يولداشلاردىن سېھىرگەرلىك ئۆگەنگىلى
باردىم، شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن، ھەربىي رايوندىكى
رەھبەرلەر مېنى شاڭخەي سېھىرگەرلىك پىرى يولداش چەن
خۇايىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ
بېرىلىپ ھۈنەر ئۆگەندىم، ئۇ دەسلىۋىدە ھەر كۈنى ھەركەت،
ھىسسىيات قول ماھارىتىنى مەشق قىلدۇردى، مەنمۇ كېچە-
كۈندۈز دىمەي ھەتتا سوتكىلاپ مەشق قىلدىم. ئىككى ئاي-
دىن كېيىن، ئاساسىي ماھارىتىمنى يېتىلىپ قالدى دەپ
سىناق ئالغاندىن كېيىن، سېھىرگەرلىك ھۈنەرنى رەسمىي
ئۆگىنىشكە باشلىدى. يېرىم يىل ۋاقىتتا سېھىرگەرلىك ئو‌ـ
يۇنىدىن 78 نى ئۆگىنىۋالدىم، شىنجاڭغا قايتقاندىن كې-
يىن، غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ قا-
تارلىق جايلاردا سەييارە ئويۇن قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ
ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم.

مەن بىر ئاددى خەلق سەنئەتچىسى، خەنزۇ ئاكى-
لارنىڭ سەمىمى ياردىمى بىلەن 60 يىللىق سەنئەت ھايا-

تىمنى ئۆتكۈزدۇم. ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئەدەبىي ـ سەنئەت 6 ـ دەرىجە تەمىناتىدىن بەھرىمان بولۇۋاتىمەن. بۇلتۇر ھەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى 20 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ھەربىي رايون قۇرۇلۇش ئەترىدىنى ئەۋەتىپ، 175 كۇۋادىرات مېتىر يەرنى ئىگەللىگەن تۇرالغۇ جاي سېلىپ بەردى. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «غالىبىيەت گېزىتى» مېنى مەخسۇس خەۋەر قىلدى. ھەر قېتىم شان ـ شەرەپكە ياكى پاراۋانلىققا ئېرىشكىنىمدە، ئالدى بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ ماڭا بەرگەن تەربىيىسى، خەنزۇ يولداشلارنىڭ خالىس ياردىمىنى ئويلايمەن.

مېنىڭ 18 پەرزەنتىم، 24 نەۋرەم بار، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كەسپىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر. بەزىلىرى گەرچە باشقا تارماقلاردا خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى. بىزنىڭ «سەنئەتچىلەر ئائىلىسى»نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق گۈلىگە تولغان جەريان. نەۋرىلىرىم بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق گۈلىنى دائىم سۇغۇرۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق ئېچىلدۇرۇپ، مەڭگۈ تۇزۇتمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىنقىلاپ ئۇچقۇنى ۋە ئۇرۇغىنى چاچقۇچىلار

## ئۇيغۇر سايرانى

1941 - يىلىدىن 1943 - يىلى 4 - ئايغىچە مەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا بىرگە خىزمەت ئىشلىدىم. 1943 - يىلى 4 - ئايدىن 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەنە مۇشۇ يولداشلار بىلەن بىرگە شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدا قاماقتا ياتتىم.

مەن گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يولداش لى خې (شياۋلى) بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇردۇم. ئۇچاغلاردا يولداش لى خې خەلقارا خەۋەرلەرنى تەھرىرلەشكە مەسئۇل ئىدى؛ مەن ئۇيغۇر تەھرىربۆلۈمىدە ئوخشاشلا شۇ ئىشنى ئىشلەرئىدىم. خەلقارا خەۋەرلەرنى بىۋاستە ئالاتتۇق، بىرلىكتە تەرتىپكە سالاتتۇق، سىبلىشتۇرۇپ تۈزىتىپ چىقاتتۇق. يولداش گوچۈنزې دەسلەپ شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇتقۇچى ئىدى، كېيىن گېزىتخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى. يولداش ۋاڭ باۋچيەن ئۇچاغلاردا گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا يەنئەندىن گېزىتخانىغا كېلىپ ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو كوم-

مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېلان قىلغان ئەمەس. ئەمماسۆز ـ ھەركەتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىدىن بۇ ئادەملەرنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇئادەملەر ئۆزلىرى-نىڭ سۆز-ھەركىتى، ئىدىيىسى، كۆز قاراشلىرى بىلەن ئەتراپى-دىكى ئادەملەرگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇلاريازغان ماقالىلاردا ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ناھايىتى ئاددى داۋالىلار بىلەن بۈيۈك ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلاتتى. ئۇلاردا مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە غەزەپ ـ نەپرەت چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. خەلققە، دوستلارغا تولىمۇ قىزغىن، مېھرىۋان، دۈشمەنگەقا-رىتا غەزەپ ـ نەپرىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار شۇچاغلاردا مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون ئىمپېرىيا-لىستلىرى، ياۋروپانى بېسىۋېلىپ پۈتكۈل دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشقا ئىنتىلگەن گېرمان فاشىستلىرىغا، مەملىكىتىمىزئى-چىدىكى تەسلىمچىۋەتەن ساتقۇچلارغا قاتتىق غەزەپ-نەپ-رەت بىلدۈرەتتى. ئۇلار ياپون قاراقچىلىرىغا، نېمىس فا-شىستلىرىغا قارشى كۈرەشىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىلەرنى سەمىمى، قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلەيتتى، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ مەدەت بېرەتتى. گېزىتخانىدا ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسى-ئىدى-

يىغۋى‌سەۋىيىسى ۋە كەسپىي بىلىمىنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە كونكرېت‌چارە - تەدبىرلەرنىمۇ كۆرەتتى. بولۇپمۇ مىللىي يولداشلارغا - تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا بولسۇن، مەتبە بۆلۈمىدىكى نابورچىك، سېنكوگراپ ۋە باشقا بۆلۈملەردىكى يولداشلارغا بولسۇن ھەممىسىگە ھەرتەرەپتىن ياردەم قىلىپ كۆڭۈل بۆلەتتى.

1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىڭشىسەي گېزىتخانىدا ئىشلەۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى يۆتكىدى «يەنئەنگە كېتىدىغان بولدى» دىگەن يالغان ياۋىداق گەپلەرنى تاراتتى. يولداش لى‌خې بىزبىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ: «بىز كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق، ئامان بولۇڭلار» دىدى. مەن ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كېتىشىدە ئۇلارنىڭ باشقىچە بىرەر ئىشى بارمۇ دەپ گۇماندىمۇ بولمىغان ئىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گېزىتنىڭ سىياسى يۆنىلىشىدە خېلىلا چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. گېزىتكە مەزمۇنى ئىلغارراق بولغان ماقالىلار بېسىلمايدىغان بولدى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن، گېزىتخانىدىن كوممۇنىستلارنى يۆتكىۋېتىش سەۋەبىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە ئۆستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنلىگىنى سەزدىم. 1943 - يىلى 1 - ئاي ئىچىدە گومىنداڭنىڭ خارجى باشقارمىسىغا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن مەخسۇس خادىمى (تېپەيىيۈەن)، (بۇنىڭ ئىسمى ھازىر ئېنىق يادىمدا قالماپتۇ، ۋۇپەملىلىك بولسا كېرەك)

ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ئەكسىيەتچىل مەزمۇندا مەخسۇس ماقالا ئېلان قىلدى. شۇندىن كېيىنلا ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى ماقالىلار ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى، مەن شۇچاغدىلا كوممۇنىستلارنىڭ گېزىتخانىدىن يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىق بىلىۋالدىم.

1943 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شىڭ شىسەينىڭ جاسۇسلىرى مېنى قولغا ئېلىپ 1 ـ تۈرمىگە ئاپىرىپ قامىدى. ئارىدىن 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن — 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 1-تۈرمىگە گېزىتخانىداۋەباشقا ئورۇنلاردا ئىشلىگەن كوممۇنىستلارنى ئېپكېلىپ سولىدى. مەن بىلەن بىر كامېرغا قاماپ قويۇلغانلار ئىچىدە يولداش لى ۋورۇ (جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى)، يولداش ليۇ خۇپىڭ (ئازاتلىقتىن كېيىن بىر مەزگىل شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان)، گوچۇنزې (ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان، خېنەندە) قاتارلىق كوممۇنىستلار بار ئىدى. مەن بۇ يولداشلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت قاماقتا بىرگە بولۇش جەريانىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندىم. جاللات شىڭ شىسەينىڭ ھەر خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلەر بىلەن كوممۇنىستلارنى ئاۋال بىر نەچچە ئورۇنغا بۆلۈپ قامىغانلىقىنى، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلىغانلىغىنى ئۇقتۇم. تۈرمىدە كوممۇنىستلارنىڭ ماڭا بول-
غان سىياسىي تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. بۇ يولداشلار
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانداق تەشكىللەنگەن-
لىكىنى، كېيىن ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي كۈرەشلىرىنى تەپ-
سىلىي سۆزلەپ بەردى. ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئىچكى
ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇلغى-
يىپ بېرىشى ۋە شىنجاڭدىكى شىڭشىسەينىڭ ئېلىپ بارغان
تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل ھەركەتلىرىنى ماڭا بىر - بىرلەپ
چۈشەندۈردى. ماڭا نىسبەتەن پارتىيە تارىخىدىن دەرس
ئۆتكەندەك بولدى، كوممۇنىستلارنىڭ ماڭا سىياسىي جەھەت-
تىن بەرگەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. ئۇلارنىڭ
ماڭا بەرگەن تەربىيىسى كوممۇنىزىم جۇڭگودا جەزمەن غەلى-
بە قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.
ئۇلار دۈشمەن مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە غالجىرلاشسۇن،
كوممۇنىزىم تۇغى ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان پۈتۈن جۇڭگودا جەۋلان قىلىدۇ، دەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرى
كېچە - كۈندۈزلەپ ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىگە ئائىت كىتاپ-
لارنى كۆرەتتى، ۋ. ك. پ (ب) تارىخىنى ئۆگىنەتتى. ئۇلار
مېنىڭ رۇسچە بىلىدىغانلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن مەندىن
رۇسچە ئۆگەندى، ماڭا خەنزۇچە ئۆگەتتى. مۇشۇ كوممۇنىست-
لارنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىسى ئاستىدا مەن شىڭشى-
سەي تۈرمىسىدىن چىقىشىم بىلەنلا شۇ چاغدا ئۆلكىمىزدە
كۆتۈرۈلگەن ئازاتلىق ھەركەتكە — 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا

قىزغىن قاتنىشىپ كەتتىم.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچـ لىق بىلەن ئازات بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ۋاڭ جېن، ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق يولـ داشلار باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە كەلدى. مىللى ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇلار بىلەن غەلـ بىلىك ئۇچراشتى. خوشاللىقىمىزدىن كۆزىمىزدىن ياشلار تۆكۈلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇنجى قېتىم 10 نەچچە نەپەر يولداش شەرەپ بىلەن جۇڭـ گو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. مەنمۇ ئەنە شۇ يولداشلارنىڭ بىرسى ئىدىم. پارتىيىگە كىـ رىش قەسەمىيات مۇراسىمىدا بۇرۇن مەن بىلەن تۈرمىدە بىرگە ياتقان يولداش ليۇ خۇ پىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىن چىقىپ مېنى چىڭ قۇچاغلاپ تۇرۇپ مېنىڭ جۇڭگو كومـ مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغانلىقىمنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە خوشاللىق بىلەن: «تۈرمە كاـ مېرىدا بىرگە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا بىز سىلەرنىڭ ئىسمىـ جىسمىغا لايىق كوممۇنىزىمچىلاردىن بولۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلاتتۇق، مەن بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن سىنىڭ پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغانلىقىڭنى كۆردۈم. بۇ ئەلۋەتتە چوڭ خوشاللىق ئىشتۇر. مەن سىنىڭ پارتىيە ئەزاسى بولغانلىقىڭنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن دىدى. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەن موسكۋادا يولداش لى خې بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

ئۇ چاغداشىنخۇا ئاخبارات ئارگىنىلىغىنىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىكەن. بىز بىرلىكتە شىنجاڭدا ئۆتكەن كۆرەش يىللىرىنى ئەسلەپ ئۆتتۇق. بەختكە قارشى يولداش لى خې ۋاپات بولۇپ كەتتى. مەن ئۆتكەن يىل بېيجىڭدە ئۇنىڭ يولدىشى چۈيدۈيىنى يوقلاپ قويدۇم.

چىن تيەنچۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قۇربان بولغانلىغىنىڭ 40 يىللىغىنى خاتىرىلىگەن كۈنلەردە ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا ئىشلىگەن كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ تەزىيە ھەرىكەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ كەلگەن يولداشلار ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا مەن بىلەن تۈرمە كامېرىدا بىرگە ياتقان لى ۋورۇ، گۇچۇنزې قاتارلىق يولداشلارمۇ بار ئىدى. بىز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەينى يىللاردا بىرگە بولغان ھاياتىمىزنى قايتا بىر ئەسلەشتۇق، دوستلۇغىمىزنى ئىزھار قىلىشتۇق، بۇ كوممۇنىستىك تەربىيىچىلەرنىڭ كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىغىغا تەشەككۈر بىلدۈرىمىز. بۇ كوممۇنىست يولداشلار ئىنقىلاپ ئۇچقۇنىنى ۋە ئۇرۇغىنى چاچقۇچىلاردۇر. ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللى سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرغۇچىلاردۇر. مىللى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ نەمۇنىلىرىدۇر.

## كىتاپ - ژورنال ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى مىللىي ئىتتىپاقلىققا نەزەر

زەي يۈيلىن

جۇڭخۇا مىللىتى تولۇپ - تاشقان قەھرى - غەزەپ بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالجىرانە تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان پەيتتە، غەربىي شىمالدىكى چىگرا شەھىرى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش ناخشىلىرى، كۈرەش شوئارلىرى قاپلىغان ئىدى. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىلىغا ئايلىنىپ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور دولقۇن بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆيۈلتاشتەك مۇستەھكەم بولۇشى — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى خېيىم خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زىچ ئىتتىپاقلاشقانلىقىدىن بولدى. خۇددى ماۋجۇشى «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» دېگەن ماقالىسىدا كۆرسەتكەندەك: «جۇڭخۇا مىللىتى تەرەققىياتىدىكى ھەرمىللەت خەلقى چەت مىللەتلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇنداق زۇلۇمدىن قارشىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىش ۋاستىسى بىلەن قوتۇلۇپ كەلگەن.» بەزى يولداشلار شۇ باسقۇچتىكى تارىخنى ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ئۈرۈمچىنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئەڭ ياخشى بولغان مەزگىلى دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ سۆز ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ھەرمىللەت ياشلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسېپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماركسىزمنىڭ مىللەت نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىش تەربىيىسىگە ئېرىشىش ئارقىلىق، ئىدىيىدىن ھەركەتكىچە ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا ئىگە بولغان ئىدى.

بۇ خىل يېڭى ئىدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھامان ئوبېكتىپ شارائىتنىڭ ئويغىتىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت خەلقىدە بىر نىيەتكە كېلىپ دۆلەتنىڭ غېمىنى يېيىش ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئوبېكتىپ شارائىتنىڭ ئويغىتىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئورتاق چاقىرىق قىلىش رولىغا ئىگە بولغان كىتاب - ژۇرناللار ئەينى ۋاقىتتا خەلقنى ئويغىتىدىغان كۈچلۈك قورال ئىدى. 1935 - يىلى 5 - ئايدا يۈي شۇسۇڭ، جاۋشى قاتارلىق 25 نەپەر كوممۇنىست «ئاممىنى ئويغىتىش» تەك ئىنقىلاۋىي ئارزۇ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىنقىلاۋىي ئىلغار ئىدىيىلەرنى تارقىتىدىغان كىتاپ - ژورناللار تۈركۈم - تۈركۈملەپ چەت دۆلەتلەردىن ئۈرۈمچىگە تارقالغان. شۇ ۋاقىتتا بىر قەدەر كەڭ تارقىلىپ، تەسىر دائىرىسى چوڭ بولغانلىرى خەنزۇچە «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋاقىت گېزىتى»، «جۇڭگو ئىشچىلىرى» ژورنىلى، شۇنىڭدەك لېنىن، ستالىنىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى، سوۋېت قازاقىستانىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە كىتاپ-ژورناللار، ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە تارقالغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان كىتاپلار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىڭشىسەي دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياپونغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىگى قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «6 بۈيۈك سىياسەت»نى تۈزۈپ چىقتى. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن «مىللەتلەرنىڭ مەدىنى - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش» بىلەن بىر ۋاقىتتا 1935 - يىلى تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىش كومىتېتىنى قۇرۇپ، ئىلغار مەزمۇنغا ئىگە بولغان خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش

دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە مىللى مەكتەپ يوق بولۇپ، خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭدەرسلىكىمۇ گومىنداڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلاتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى كونا، ئىدىيىسى رېياكسىيون، دەۋر ئېھتىياجىدىن كېيىن قالغان ئىدى. يېڭىدىن تۈزۈلگەن ھەر مىللەت يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرى 1936 - يىلىدىن باشلاپ بېسىلغان. 1937 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى شۈي لياڭ تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئىنقىلاۋىي ئىلغار ئىدىيىنى تارقىتىدىغان بىر تۈركۈم ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ - تەرجىمە قىلدى. 1936-يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە ھەرخىل يېزىقتىكى دەرسلىكتىن جەمئىي 300 مىڭ پارچە بېسىلىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1939 - يىلى تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىش كومىتېتى تولۇقلىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، يەنە بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. پەقەت شۇ بىر يىلدىلا، تۈزۈپ - تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق يېزىقىدىكى دەرسلىك 25 خىل 37 قىسىم بولۇپ، جەمئىي 190 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق بېسىلغان.

بۇنىڭ ئىچىدە: خەنزۇچە تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 12 قىسىم 50 مىڭ پارچە؛

خەنزۇچە تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 20 قىسىم 100 مىڭ پارچە؛

موڭغۇلچە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 2 قىسىم 5000 پارچە؛

ئۇيغۇرچە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 1 قىسىم 20000 پارچە؛

قازاقچە باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 2 قىسىم 10000 پارچە؛

ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكى 2 قىسىم 5000 پارچە؛

بۇ يېڭىدىن تۈزۈپ-تەرجىمە قىلىنغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە «مىللەتنى شەكىل، 6 بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلىش» روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغان، يەنى «ماركسىزىمچىلار ئېيتقان مەزمۇنى پۇرولېتارىياتنىڭ، شەكلى مىللەتنىڭ بولۇش» دىگەن ئىنقىلاۋىي قانۇنىيەت ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ مەدىنىيەت كىتاپخانىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقارا كىتاپخانىسى كەينى - كەينىدىن ئۈرۈمچىدە تىجارەتكە كىرىشىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نەشر قىلىنغان ھەرخىل ئىلغار كىتاپ - ژورناللار بولۇپمۇ سوۋېت خەلقارا كىتاپخانىسىدا سېتىلىدىغان مىللى يېزىقتىكى كىتاپ - ژورناللىرى ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۈمچىدىكى كەڭ ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ھەرمىللەت ياشلىرىنىڭ ئارزۇ قىلىپ ئىزلىنىدىغان مەنىۋى ئوزۇغىغا ئايلانغان ئىدى.

1935 ـ يىلدىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىدە پەقەت خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى»لا چىقىدىغان، 1936 ـ يىلدىن باشلاپ كوممۇنىست مەنسۇرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر گېزىتخانىدا ئىككى خىل يېزىقتىكى گېزىت چىقىرىشتىكى يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. 1937 ـ يىلى بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باش ئىدارىسىغا كېلىپ ئىشلەپ، ئاساسلىق رەھبەرلىك خىزمىتى ۋەھەرقايسى بەتلەرنىڭ تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. خەنزۇچە بەتنى يېڭىلاپ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرچىسىنى ھەپتىلىكتىن ئىككى كۈنلۈككە ئۆزگەرتتى، يەنە قازاقچە بەتمۇ چىقىرىلدى. 1941 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 3 كۈندە بىر چىقىرىلىدىغان روسچە «يېڭى ئاخبارات»مۇ نەشر قىلىندى. 1941 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا باش ئىدارىدىن چىقىرىلغان 3 خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تىراژى 14 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە:

خەنزۇچە (كۈندىلىك سان) 6.866 پارچە؛

ئۇيغۇرچە (قوش كۈنلۈك) 4.392 پارچە؛

قازاقچە (ھەپتىلىك) 3.238 پارچە؛

5 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 3 كۈندە بىر

چىقىدىغان روسچە «يېڭى ئاخبارات»نىڭ ھەرقېتىمقى تىراژى 1500 پارچە ئىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېزىغىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» ئورۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئىتتىپاقلىقنى ئۆپۆملۆك كۆچەيتتى. بولۇپمۇ ھەر خىل يېزىقتىكى گېزىتلەردە ماكسىزىمنىڭ مىللەت نۇقتىئىنەزەرلىرى، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى كەڭ تەشۋىق قىلىندى. بۇ ئارقىلىق ئاممىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەربىيىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. ئۇندىن باشقا، «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇدى مەسئۇل بولۇپ باسقان «جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش سېپى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «يېڭى بېخ» «ئەدەبىي - سەنئەت ئايلىق ژورنىلى» قاتارلىق ژورناللارنىڭ ھەممىسىنى ھەر مىللەت مۇشتىرىلىرى ياخشى كۆرەتتى. كوممۇنىست يۈي شۇسۇگىنىڭ مىللى سىياسەت توغرىسىدىكى ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى ماۋدۇن، ساكوگلىياۋ قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى نەزىرىيىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى «جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش سېپى»دە ئېلان قىلىنغان. كومپارتىيە ئەزاسى بەيدافاگىنىڭ «ياخشى بالا»دېگەن ھېكايىسىدا ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز ئارا تىل يېزىق ئۆگىنىشىدىكى ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەر «سەنئەت ئايلىق

www.uyghurkitap.com

ژورنىلى»دا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۈرۈمچىدىكى كىتاپ ـ ژورنال ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق ئاساسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەتكە نەزەر سالساق كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. گەرچە بۇ مۇناسىۋەت كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاياق ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يىلتىزىدىن چىققان يېڭى بىخ، يېشىل يوپۇرماقلىرى ھازىرقى سوتسىيالىزىمچە يېڭى مىللىي مۇناسىۋەتكە يېڭى تۈس قوشتى.

# يولداش ئاببا سوپنىڭ مىللى ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىكى پارلاق ئىش ئىزلىرى

چەي جىسىن

## 1. يولداش ئاباسوپ ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ نەمۇنىچىسى ئىدى

يولداش ئاباسوپ 1936 ـ يىلى 15 يېشىدا ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مىللى 2 ـ سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئەينى ۋاقىتتا، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى كومپارتىيە ئەزاسى شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ دىرېكتورى يۈي شۇسۇڭ (مەخپى ئىسمى ۋاڭ شۇچىڭ)قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ئىدى. 1938 ـ. يىلى ئەتىيازدا كومپارتىيە ئەزاسى لى يۈنياڭ (مەخپى ئىسمى لى جىژلياڭ) ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، ئاباسوپ ئەلا نەتىجە بىلەن شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا يىللىقىغا كىردى. ئەينى ۋاقىتتا، كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ بۇ ئىنىستىتوتنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئىدى. ئۇ «ئىتتىپاق بولۇش، جىددى بولۇش، ئاددى ـ سادda بولۇش، جانلىق بولۇش» تەك ئوقۇتۇش فاكچىنى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەيتتى ۋە

ئۆزى بىۋاستە سىياسى ئىقتىسات ۋە خەلقارا ۋەزىيەتتىن دەرس سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئىنقىلاۋىي ناخشىلارنى ئېيتىشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى درامىلارنى ئويناشقا تەشكىللەپ، مەكتەپ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئاباسوپ ھەمىشە ئىلمى مۇدىر لىن جىلۇدىن تەلىم ئالاتتى ۋە ئىلغار كىتاپ ـ ژورناللارنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرەتتى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى داۋىلىلارنى سۆزلىشىپ، خېلى كۆپ ئۇنۇم ھاسىل قىلغان ئىدى. 1939 ـ يىلى ئەتىيازدا، يولداش لىن جىلۇ كۆچارغا يۆتكىۋېتىلىپ، شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ دىرېكتورلۇغىنى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات دۇجۇڭيۈەن ئۈستىگە ئالدۇ. ئۇ چاغلاردا مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم نەزەرىيىچىسى جاڭ جۇڭشى، شىن جىيۈەن، ساكوگلىياۋ قاتارلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ئىنىستىتوتقا كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ياكى دەرس سۆزلەۋاتقان ئىدى. ھەر مىللەت مۇنەۋۋەر ياشلىرى زېچ ئۇيۇشۇپ، تەقەززالىق بىلەن ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان، پۈتۈن مەكتەپ پائال يۇقۇرىغا ئۆرلەيدىغان ئۆگىنىش كەيپىياتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش قىز-

غىنلىغىغا تولغان ئىدى.

يولداش ئابباسوپنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان يىللىرى دەل كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭدا ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قاناتيايدۇرۇپ، ھەرمىللەت ياشلىرىنى شىنجاڭ ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، ماركسىزىملىق مىللەت قارىشى ئۇنىڭ ياش قەلبىگە مۇستەھكەم ئاساس سالغان ئىدى. ئۇ تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە ھەرقايسى پەيتلەردىكى نەتىجىسى ئەلا ئىدى، ھەر نۆۋەتتىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئۇ نەزىرىيە دەرسى ۋە ئاساسىي پەنلەرنى بېرىلىپ ئۆگىنىپلا قالماستىن، ناخشا، تەنتەربىيىگىمۇ قىزىققاچقا كۆپلىگەن ئىنقىلاۋىي ناخشىلارنى ئۆگىنىۋالغان ئىدى؛ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ توپ مەيدانىدا ۋاسكىتبول، ۋالىبول ئويناۋاتقانلىقىنى ھەمىشە كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ، خەنزۇتىلىنى ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقاتتى، ئەينى چاغدا ئىنىستىتۇتتىكى مىللى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇ خەنزۇ تىلىنى ئەڭ راۋان سۆزلىيەلەيدىغىنى ئىدى. 1939 - يىلى ئىنىستىتۇتنىڭ يازلىق تەتىلىدە غۇلجىغا بېرىش خىزمەت ئۆمىگىنىڭ سەپىرىدە ئۇ، ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دىگەن ئەسىرىنى سىناق تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ، تىل - ئەدەبىياتقىمۇ شۇنداق

قىزنىقاتتى. «پولات قانداق تاۋلاندى»، «لېنىننىڭ باللىق دەۋرى»، «تۇن يېرىمى» قاتارلىق كىتاپلارنى ئوقۇپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، ساۋاقداشلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ئىدى. مەيلى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، شىۋە، تاتار قاتارلىق مىللى ساۋاقداشلار بولمىسۇن ھەممىسى بىلەن قويۇق ئارىلاشقاچقا، مەكتەپتە ئۇنى تونىمايدىغان بىرمۇ ئوقۇغۇچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى ياخشى، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرگەنلىكى، ھەر مىللەت ساۋاقداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىلچە ئايرىمچىلىق قىلمىغانلىقى، كەمتەر، مۇئامىلىدە مۇلايىم بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋاقداشلار ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىلىم يۇرتى دېيىشكە بولاتتى. ئىلمى مۇدىر يولداش لىن جىلۇ ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ مىللى مەسىلىگە دائىر پىرىنسىپلىرىدا ۋە مىللى باراۋەرلىك روھىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللى ئىتتىپاقلىققا بەكمۇ ئېتىۋار بەرگەن ۋە مىللى دوستلۇق ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر خىل قاراپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيە ئېلىپ بارغان ئىدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن بۇ خىل مىللى دوستلۇق روھى، شىنجاڭنىڭ كېيىنكى سىياسى تۇرمۇشىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. 1944 - يىلى، 3 ۋىلا-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ كۆپلىگەن مىللى ئوقۇغۇچىلىرى مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ جەڭگە قاتناشتى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرىدىن يولداش ئابباسوپ يولداش لىن جىلۇ نىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا، ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلاپنىڭ رەھبەرلىك هوقۇقىنى تارتىۋالغان دىنى يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن تار مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى تۈزىتىشتە، ئىنقىلاپ نىشانىنى توغرىلاشتا زور رول ئوينىدى.

## 2. ساۋەن ناھىيىسىدىكى سۈرگۈنلۈك هاياتىدا مىللى ئىتتىپاقلىقنى قوغداش ئىسىل ئىستىلىنى نامايەن قىلدى

يولداش ئابباسوپ ئىنقىلاپ نەزىرىيىسى ۋە مەدىنىيەت، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى تازا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلىدە يەنى 1940 ـ يىلى، شىڭشىسەي «ئاسىيالارنىڭ بالا چاقىسى» دىگەن بەتنام-بىلەن بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلارنى چەت ناھىيىلەرگە سۈرگۈن قىلدى. ئالايلۇق، ليۇچىڭلىن ئالتاي ناھىيىلىك هۆكۈمەتكە سۈرگۈن قىلىنىپ، 1941 ـ يىلى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە بىرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ئوسمان باندىت تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋېتىلدى؛ ئەنۋەرخانبابا، ۋۇشنۇۋ ئالتاي ناھىيىلىك ئالتۇن كان ئىدارىسىغا، خالىق، جاڭ يۈي ئالتاي ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا، ئاباسوپ ساۋەن ناھىيىلىك مەكتەپكە سۈرگۈن قىلىندى. ساۋەن — ماناس ناھىيىسىنىڭ شىمالى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، قاتناش قۇلايسىز، چۆلرەك رايون ئىدى. شىڭشىسەي بۇ جايغا چوڭ تۈرمىدىن بىرنى قۇرغان بولۇپ، بۇ جايغا بارغانلارنىڭ ھەر ۋاقىت تۈرمىگە كىرىپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. ئاباسوپنىڭ بۇ جايغا كېلىشى ئەلۋەتتە پايلاقچىلارنىڭ نەزىرىدە ئىدى. ئەمما ئۇ بۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلمىدى. مەيلى سىنىپتا ياكى سىرتلاردا بولسۇن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، مىللى ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىشەنچىسىنى يېتىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى. ئۇ دائىم مەكتەپتىكى خىزمەتدىشى ليۇچۇكۇيندىن سوراپ ئۆگەنگەچكە خەنزۇچە سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقۇرى كۆتىرىلدى. تۇرمۇشتا ئۇ ئاددى - ساددا ئىدى، ئۇ بىر جۈپ خەنزۇ ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ

ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ ئولتۇردى. كۈندۈزى مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، كەچلىكى ئۆزىنىڭ ئەشۇ كىچىككىنە خانىسىدا تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ قىرىلارنىڭ ئەمگىكىنى قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچقا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئاتا-بالىدەك چوڭقۇر ھېسسىيات ئورنىتىلغان ئىدى. 1941 - يىلى شىڭشىسەي كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئىلغار ياشلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى، ۋەزىيەت بارغانسېرى يامانلاشتى. بەزىلەر ئۇنى ساۋەن ناھىيىسىدىن بالدۇرراق ئايرىلىشقا دەۋەت قىلغانلىقتىن ئۇ، تېزدىن ئىلىغا يۆتكىلىپ كەتتى. دەرۋەقە، ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپتىكى نەچچە كىشى تۈرمىگە قامالدى.

### 3. ۋىلايەت ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە ئۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەركەز قىلغان ئىنقىلاۋىي كۈرەش نىشانىدا باشتىن-ئاياق چىڭ تۇرۇپ كەلدى

1941 - يىلى ئابباسوپ ئىلىغا بارغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى، ئىلى ۋالى مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى ھەم قوشۇمچە ئىلى قىزلار مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئىلىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىللەردە ئالاقە دائىرىسى كەڭ بولغاچقا جەمئىيەتتىكى

ھەرقاتلامنىڭ ئەمىلىي تۇرمۇشىنى كۆپ چۈشەنگەن، شىڭشىسەينىڭ ئىلغار زاتلارنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرگەن، ئىلغار كىتاب - ژورناللارنى مۇسادىرە قىلغان، زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساق سالغىنىدەك تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق كورۇۋالغان ئىدى. 1943 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى شىنجاڭغا قايتا كىرگەندىن كېيىن، سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللى زىددىيەت كۈنسايىن كەسكىنلەشتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ھەرمىللەت خەلقىنى ئازاپ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇددىئاسى ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى ھەمدە پائال ھەركەت ئېلىپباردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى قوزغاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنىڭ دەسلەپكى پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئازاتلىق كېڭەشمىسىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، ئابباسوپ باشچىلىغىدىكى ئىنقىلاۋىي پارتىزانلار چوڭ ئەترىدى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى. 11 - كۈنى پۈتۈن شەھەر ئازات قىلىنىپ، 12 - كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىغى جاكالاندى. ئابباسوپ ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىغىنى ئۈستىگە ئالدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى،

چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق 3 ۋىلايەت پۈتۈنلەي ئازات بولۇپ، ئىنقىلاۋىي قوشۇن ماناس دەرياسىغا يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرىدۇ.

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتىلاپ 2 - كۈنى ئابباسوپ ئۇيغۇر، قازاق، روس، خەنزۇ 4 مىللەت يېزىغىدا: «مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دىن ۋە قايسى قاتلام بولمىسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشىمىز لازىم» دېگەن مەزمۇندىكى تەشۋىق ۋارىقىنى تەشكىللەيدۇ. ئۇ، ئالاقىدار تارماقلارغا خەنزۇ خەلقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشنى ئالاھىدە تاپشۇرىدۇ ھەمدە قوماندانلىق ئىشتاپىنى چوڭ كۈۋرۈك كوچىسىغا يۆتكەپ، خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ، بەختسىزلىككە ئۇچراپ قاماقتا ئېلىنغان كۆپلىگەن خەنزۇ ئاھالىلىرىنى چامىسىنىڭ يېتىشىچە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قوزغىلاڭچىلار باش ئىشتاۋى: «خەنزۇ خەلقىنى خورلاشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قاتتىق چارە كۆرۈش» ھەققىدە ئومۇمى بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئەمىلىيەتتە، ئىنقىلاپ تەرتىۋى تۇراقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى جىددى تەدبىر قوللىنىپ، ئىلى ۋىلايىتىدىكى 8 مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ خەلقى ئەركىن ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. كۆپلىگەن خەنزۇلار ئۆزىنىڭ سودا ۋە قول سانائىتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭ بىلەن بازارلار ئاۋاتلىشىپ كىشلەرنىڭ كۆڭلىمۇ تىنجىدى.

مىللى مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاببasوپ ئالاقىدارىيولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،1945 - يىلىيازدا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچىدۇ. بىرىنچى قاراردىكى كۇرسانتلار سانى تەخمىنەن 400 گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ سىنىپىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا 30 نەچچە ئادەم بار ئىدى. يولداش ئاببasوپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزى بىۋاستە ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ھەققىدە لىكسىيە سۆزلەيدۇ ھەم شۇ ئاساستا خەنزۇ مەكتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. «دېموكراتىيە گېزىتى»نىڭمۇ خەنزۇچە نەشرى چىقىدۇ. خەنزۇ خەلقىنىڭ ئالاقىدار ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن خەنزۇ خەلق ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلۇپ بۇنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ياڭ چۇنلىڭ، سۇن جۇڭچىڭ، پىڭ ئېنچىڭ قاتارلىق يولداشلار ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. 3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىچىدە يولداش ئاببasوپ توغرا مىللى سىياسەتنى پائال يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن كۆپلىگەن خەنزۇلارمۇ ئىنقىلاۋىي قوشۇن بىلەن بىرگە كۆرەشكە ئاتلىنىدۇ.

1949 - يىلى 5 - ئايدا ئاببasوپ ئىلى شەھرىدە.

ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ تىپچىلىق ۋە دېموكىراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئىلى شەھىرىدە ئاچقان ۋەكىللەر يىغىنىدا قىلغان: «ھازىرقى سىياسى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دىگەن دوكلادىدا: «ئۆلكىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسى مەقسىدى ئازاتلىق، دېموكراتىيە ۋە تىپچىلىقتىن ئىبارەت. باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلكىمىزنى سىياسى جەھەتتە ئەركىنلىك ھەم باراۋەرلىك بولغان، ئىقتىساتتا گۈللەنگەن ھەم قۇدرەت تاپقان، مەدىنىيەتتە تەرەققى تاپقان ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ بىردىن - بىر مەقسىدىمۇ ئەنە شۇ» دەپ كۆرسەتتىدۇ. ئۇ يەنە: «ئىنقىلاپنىڭ ۋەزىپىسى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بىز مىللى ئازاتلىق ھەركىتىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ مىللى مەسىلىنى تەرتىپ بويىچە توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. بىز كۆرەشنىڭ دەسلەپكى يىلى ئېلان قىلغان خىتاپنامىمىزدا شىنجاڭدا كۆپ مىللەت بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقى باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇ ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ «ئىتتىپاق» ئەزالىرىغا: «بىزنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەركىتىمىزنىڭ پىرىنسىپىنى ۋە مىللى سىياسىتىمىزگە چوقۇم ئەمەل قىلىپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى تۈگىتىپ، يەنىمۇ كۆپلىگەن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى بولغان جاھانگىرلارنىڭ مىللىي ھىسسىياتقا بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرايلى!» دەپ چاقىرىق قىلدۇ. ئۇ ئۆز دوكلادىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەيدۇۋە: «نۆۋەتتىكى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشى جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ پەقەت جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلبىسى قولغا كەلگەندىلا ئاندىن پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتىدۇ. ئۇنىڭ دوكلادىدىلا پارتىيىنى سۆيىدىغانلىقىنى، مىللىي مەسىلىدىكى مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 4. ئاباسوپ ئىنقىلاۋىي تەشكىلات قۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەر ياراتتى

1945 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىژ جۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. 7 ـ ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئۇ، 3 ۋىلايەت ھۆ-

كومىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەت 8 ئاي داۋام-
لاشقاندىن كېيىن، ئاخىرى 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 -
كۈنى ئىككى تەرەپ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى
تەشكىللەش بېتىمىغا رەسمى ئىمزا قويىدى. 3 ۋىلايەتنىڭ
رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسلىكىنى، ئاببباسوپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئا-
ۋىن باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.
1946 - يىلىنىڭ بېشىدا 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى نەچچە قېتىم
ئۈرۈمچىگە سۆھبەتكە كەلگەندە، ئۈرۈمچى يەر ئاستى تەش-
كىلاتى — «شىنجاڭ كوممۇنىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتى-
پاقى» نىڭ رەھبەرلىرىدىن چېڭ شىخۋا، لى تەيىيۇ ساۋاق-
داشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ 3 ۋىلايەتنىڭ تېچلىق
سۆھبىتىگە كەلگەن ۋەكىلى ئاببباسوپ بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرى-
شىپ، نۆۋەتتىكى پايدىلىق ۋەزىيەتتىن قانداق پايدىلىنىپ
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى پائال قانات-
يايدۇرۇش تاكتىكىسى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ. 1946 - يىلى
11 - ئايدا قورچاق گومىن يىغىنىغا 3 ۋىلايەتنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان شىنجاڭ ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. 3 ۋى-
لايەت رەھبەرلىرى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇ يىغىنغا
قاتنىشىش پۇرسىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن يۈز-
مۇ - يۈز تۇرۇپ كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئوبدان پەيتى
دەپ قارايدۇ. ئاببباسوپ نەنجىڭدە جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداش دۇڭ بىۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرۈشۈپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ جەريانىنى دوكلات قىلىدۇ ھەم «شىنجاڭ كوممۇنىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا سۇنغان خېتىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. ئابباسوپ قايتىش ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش پىڭ گوئەننى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە دەرھال يىغىن چاقىرىدۇ. يىغىنغا يولداش ئابباسوپ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت، سەيپۇللايوپ، ئىمىنوپ، ئەنۋەرخانبابا ۋە شىنجاڭ كوممۇنىزىمنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەسئۇللىرىدىن چىڭ شىخۇا، لى تەيىۋ، لوجىژ قاتارلىق كىشىلەر يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئابباسوپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ: «شىنجاڭ — ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، دىنى ئېتىقات بىر قەدەر كۈچلۈك، ئالدىراپلا كوممۇنىزىمچىلار ۋېۋىسكىسىنى ئېسىۋېلىشقا بولمايدۇ»دىگەن يوليورۇغىنى يەتكۈزىدۇ. يىغىندا: «شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى» نى قۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار كۈچلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ بازىسىنى يادرو قىلغان ھالدا ئىنقىلاۋىي ھەركەت ئېلىپ بېرىش بىردەك قارار قىلىنىدۇ ھەمدە يولداش ئابباسوپ «دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ كۈچى

ئېشىپ، كۈرەش دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تېچلىق بېتىمىنى چىن دىلىدىن ئىجرا قىلمىدى. ئۇلار سايلام ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مەقسەتلىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ پوپوزا قىلدى. 1948 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋە- زىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. «شىنجاڭ دې- موكراتىك ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى» لى تەيىۇ، چېڭ شىخۇا، يىڭ گوئەن، فەن يىڭجۇڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئالدى بى- لەن 3 ۋىلايەتكە چېكىنىشنى قارار قىلدى. ئاباسوپنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ يولداشلار ئىلىغا ساق - سالامەت يېتىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتىرىپ، تۇرپان دېخانلار ئىنقىلاۋىنى قوراللىق باستۇردى، جاڭجىجۇڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۇشتۇمتۇت شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كېتىپ چوڭ تۇركىزىمچى مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە چىقىرىپ قويدى. ۋەزىيەت بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. بۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېتىمنى بۇزۇشىدىكى مۇقەددىمە ئىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا 3 ۋىلايەت ئىن- قىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرى يەنىلا ئۈرۈمچىدىن ئىنقىلاپ بازى- سىنىڭ مەركىزى بولغان ئىلىغا چېكىنىشنى قارار قىلدى. 1948 - يىلى 11 - ئايدا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئورتاق قارشى تۇرۇش بىرلىكسېپى — «شىنجاڭ تېچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىپاقى» رەسمى قۇرۇلۇپ ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىككە، ئاببباسوپمۇ بۇ «ئىتتىپاق» نىڭ بىر رەھبىرى ۋە قوشۇمچە ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ دېموكىراتىك ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى» نىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ ئەزالىرى «ئىتتىپاق» قا قوشۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئەزالىرى «كۈرەش ژورنىلى»نى نەشر قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى «كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ ئەزاسى دەپ ئاتىشىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، يەنى 1950 - يىلى، ئۇلار «ئىتتىپاق» نىڭ ئەزالىرىغاقوشۇۋېتىلىدۇ. 1951 - يىلى بۇ، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان «ئىتتىپاق» ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ.

3 ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئىلىغا چېكىنگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەربى ئىشلارنى مۇھاسىرىگە ئالغان، ئىقتىساتنى قامال قىلىۋالغان ئەھۋالدىمۇ بىر تەرەپتىن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىياسى - ئىقتىسات، مەدىنى - مائارىپ ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پائال شۇغۇللىنىدۇ. ئاببباسوپ ئاكتىپ ھالدا سىياسى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىنى تارقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلىق كۆرىدۇ. بۇ، 3ۋىلايەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىگە قالتىس مەدەت بېرىدۇ. ئۇرۇمچىدە قالغان «كۈرەش تەشكىلاتى» 3ۋىلايەت بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ،

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئازات-لىق ئۇرۇشىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە ئازاتلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، 1949 - يىلى 9 - ئايدا، پۈتۈن مەملىكەت ئۇزۇل - كېسىل ئازات بولىدۇ.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، يولداش دېڭلىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سۈپىتىدە ئىلىغا كېلىپ، ئەخمەتجان قاسىم، ئابباسوپ قاتارلىق يولداشلار بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا شىنجاڭدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوپ، ئىسھاقبېك، دەلىلقان ۋە ئۇرۇمچىدە ئىش بېجىرىۋاتقان لۇجىڭ قاتارلىق بەش يولداشنىڭ 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىشى قارار قىلىنىدۇ. ئايروپىلان سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ۋەقەگە ئۇچراپ، يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ۋە خىزمەتچى خادىملار پۈتۈنلەي قازا تاپىدۇ. شۇ يىلى ئابباسوپ 28 ياشتا ئىدى. بىز ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا سادىق بولۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى پائال قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەش، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى ئىلگىرىلەپ ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدىكى ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خاتىرىسى

جاڭ شىۋەن

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 1935 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ شىنجاڭ ياشلار ھەركىتى تارىخىغا شانلىق بىر بەت قالدۇردى. شۇنداقلا ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق تارىخى ئۈچۈن يېڭى سەھىپىلەرنى قوشتى. شۇچاغدا مەن (دىخۇا) ئۈرۈمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇۋاتاتتىم، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندىم ھەمدە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى گەرچە قىسقىغىنا ئىككى يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ياشلار ھەركىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى مەڭگۈ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى.

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى يولداش ۋاڭ شۇ چېڭ (يۈي شۇسۇڭ) بىلىم دائىرىسى كەڭ ماركسىزىم، لېنىنىزىم نەزىرىيىچىسى ئىدى. بولۇپمۇ ماركسىزىمنىڭ مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى نەزىرىيىسى ھەققىدىكى بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ يەنجاڭلىغى ۋە بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىغىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئۇ، ياش ئەۋلاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئىنىستىتوتى، دارىلمۇئەللىمىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ (روس ئوتتۇرامەكتەپ) ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋى بولۇپ، ئالى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن بەشى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن پەقەت يەتتىسى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللى باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ) بار ئىدى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىگە قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئون ئىككى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپقان ئىدى، ئۇ نامدا شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پەقەت ئۈرۈمچى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي هوقۇق ئورگانى ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى بولۇپ بىرلەشمىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئىجرائىيە كومىتېتى مەسئۇل ئىدى. ئىجرائىيە هەيئەتلىرى 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ هەيئەتلەر 13 نەپەر، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، روس قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت هەيئەتلەر 8 نەپەر ئىدى. بۇ هەيئەتلەر ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلەتتى. ئىجرائىيە هەيئەتنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقى 3 كىشى، (ئالى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ هەر بىرسىدىن بىر كىشى) تۆۋەندە تەشۋىقات، تەشكىلات، ئىلمى، مەدىنىيەت ـ تەنتەربىيە ۋە خوجىلىقتىن ئىبارەت بەش بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، هەيئەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم هالدا هەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى ۋە ئىش بېجىرگۈچى خادىملىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى 1935 ـ يىلى 1 ـ ئايدا چاقىرىلدى. ئۇنىڭغا هەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامنامىسى ماقۇللىنىپ، سايلام ئارقىلىق ئىجرائىيە هەيئەتلىرى

بىلەن نازارەت قىلىش ھەيئەتلىرى بارلىققا كەلدى. ھازىر ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىدىن ئىسمىدە بارلىرى: شىنجاڭ ئىنىس-تىتۇتىدىكى يۈي داكەي، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جاڭ جىڭ-يۈەن، زەي يۈيلىن، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىۋىدىكى دەي يۈەن-سىن، جاڭ تيەنزى ۋە مەن، مىللى ئوقۇغۇچىلاردىن تاھىر، يۇنۇس قاتارلىقلار. تۇنجى قېتىملىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئىش تەقسىماتىدا: يۈي داكەي ئىجرائىيە ھەيئەتىنىڭ باش-لىقلىغىنى، مەن تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىغىنى، جاڭ جىڭ-يۈەن ئىلمىي بۆلۈم باشلىقلىغىنى ئۆتىگەن. زەي يۈيلىن، جاڭ تيەنزىلار تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى بولغان، باشقىلىرى ئىسمىدە قالماپتۇ. تۇنجى قېتىملىق ئىجرائىيە ھەيئەتلەر يىغىنىدا يەنە ھەر قايسى مەكتەپلەر-دىكى مىللى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى بىرلەشتۈ-رۈش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ ماقۇللاندى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا مىللى ۋە خەنزۇ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ-لەرنىڭ ھەممىسىدە مىللى، خەنزۇ ئىككى ئوقۇغۇچىلار ئۇ-يۇشمىسى بار ئىدى. يىغىن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوت-تۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىككى ئو-قۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنغانلىقى بولسا، دەرھال بىرلەشتۈرۈشنى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى-نىڭ تەركىۋىدە سان جەھەتتىن مىللى ئوقۇغۇچىلارغا مۇ-ۋاپىق ئېتىۋار بېرىشنى قارار قىلدى. ئىجرائىيە ھەيئەت-نىڭ 2 - ، 3 - قېتىملىق يىغىنىدا، ئوقۇغۇچىلار بىرلەش-

مىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىنىڭ خىزمەت پىلانى ئۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ بېكىتىلدى.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى پىلانلىق قاناتيايدۇرۇلدى. شۇڭا، 1936 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرى بىرقەدەر جانلاندى. بۇ جەھەتتە ئېسىمدە قالغانلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، مەتبۇئاتچىلىق: ئۇقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمى 1936 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنى نەشر قىلدى. يۇي داكەي بۇ ژورنالنىڭ باش تەھرىرلىكىنى ئۆتىدى، مەن كاندىدات باش تەھرىرلىكىنى ئۆتىدىم. ماقالىلار ھەر قايسى مەكتەپلەردىن يىغىۋېلىناتتى، ماقالىلار تاللاپ تەھرىرلەنگەندىن كېيىن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى ياشلار بۆلۈمىنىڭ كۆرۈپ چىقىپ بېكىتىشىگە ئەۋەتىلەتتى. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ دەسلەپكى ئىككى سانى شاپىگرافتا بېسىلدى، كېيىن مىق مەتبەئەدە بېسىشقا ئۆزگەرتىلدى. مەزمۇن جەھەتتە سىياسى خاراكتىرلىق ماقالىلار كۆپرەك بولۇپ، ئادەتتە كۆپىنچە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەركەتلىرىگە بولغان تونۇشى ياكى پەن - تېخنىكى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسراتلىرى بايان قىلىنغان ماقالىلار؛ ياشلار

تۇرمۇشى ئىنكاس قىلىنغان شېئىر ـ ناخشىلار، نەسرى. ئەسەر ۋە ئەدىبى ـ سەنئەت ئەسەرلەر ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتا شارائىت چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ژورنال پەقەت خەنزۇچىلا نەشر قىلىندى.

ئىككىنچى، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى: ھەر قېتىمقى چوڭ ھېيت ـ بايراملار ياكى مۇھىم ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، پىلانلىق تۈردە تەقسىم قىلىنغان رايونلار بويىچە، كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار شەھەر ئىچىدىكى ھەر قايسى كوچىلاردا، مىللى ئوقۇغۇچىلار نەنگۇەن، غەربىي چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپلىرىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئاممىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەركەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىچ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى، تام گېزىتى ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى: 1936 ـ يىلى4 ـ ئايدا، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ھەر قايسى مەكتەپلەر بويىچە بىر قېتىم تام گېزىتى، رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ھويلىسىدا ھەرقايسى مەكتەپلەردىن ئەۋەتىلگەن نەچچە يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

پارچە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، روسچە يېزىقتىكى چوڭ ئەنلىك تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى ۋە رەسىملەر كۆرگەزمە قىلىندى. بۇلار ئىنتايىن كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ساۋاقداش سىزغان «ھەممە جاي باھار ھۆسنىگە چۆمدى» دېگەن رەسىم بىلەن روس ساۋاقداش سىزغان «ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرى» دېگەن ئېلېكترونلۇق ئىشارەتلىك خەرىتىسى كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان ئىدى.

تۆتىنچى، ئىلمىي دوكلات: ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئىلمىي بۆلۈمى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە شىنجاڭ ئىنستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىۋى ۋاڭباۋچيەننى «ياشلار ھەركىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، «خەلقارا ۋەزىيەت ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى» دېگەن تېمىلاردا دوكلات بېرىشكە، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى دەيپىڭيىگنى «ياشلار ۋە ئۆگىنىش» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇ دوكلاتلار ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشتا زور ياردەم بەردى.

بەشىنچى، ھەر خىل مۇسابىقىلەر: ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كورەش ئىرادىسىنى ئۇيغىتىش، مەدىنى

تۇرمۇشنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمى بۆلۈم نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىنى، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە بۆلۈمى ۋاسكېتبول ۋە ناخشا مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ خىل مۇسابىقىلەر ئارقىلىق، ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرى بىر ـ بىرىنىڭ ئۆگىنىشىنى كۆرۈپ، ئىدىيىسىنى ئالماشتۇرۇپ، دوستلۇغى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىتتىپاقلىغى كۈچەيدى.

1937 ـ يىلى ياز پەسلىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن ئايرىلغانلىغى، ئىككىنچى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار قورۇلتىيى ئېچىلمىغانلىغى سەۋەۋىدىن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ياشلار بۆلۈمى قوشۇمچە ئۆتىدى. ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى گەرچە قىسقىغىنە ئىككى يىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ياشلار خىزمىتىدە، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياش ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق خىزمىتىدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇرۇمچىنىڭ كېيىنكى ياشلار ھەركىتىنى قاناتيايدۇرۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىللى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە ياخشى دوستى

غۇپۇر توختى

ھەر قېتىم چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇڭيۈەن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرگەن چاغلاردا، شىنجاڭ مەتبە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان ۋاڭ باۋچيەن، ساكۇڭلياۋ، لى سۇيىڭ، لىخې، ۋاڭمو قاتارلىقيولداشلار ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى مەتبە ئىشلىرى ناھايىتى قالاق ئىدى. خەنزۇچە «تىيانشان گېزىتى» دىن باشقا ھېچقانداق گېزىت ـ ژورنال يوق، ئاز سانلىق مىللەت يېزىغىدىكى گېزىت ـ ژورناللارنى نەشر قىلىشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىڭ شىسەي ئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى قىلغاندىن كېيىن، 1935 ـ يىلى ئۇيغۇر مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تۇنجى قېتىم چىقارغان تاش باسمىلىق «شىنجاڭ گېزىتى» دۇنياغا كەلدى. لېكىن گېزىت خوتەننىڭ يەرلىك قەغىزى بىلەن بېسىلغانلىقتىن،

يەنىلا تۇتۇق بولۇپ، ئوقۇشمۇ قىيىن ئىدى. چېن
تيەنچۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ ۋە باشقا سەپداشلار تەكلىپ
بىلەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەتبە-
ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىن-
جاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن، مۇئا-
ۋىن باشلىقى ۋاڭ شياۋچۈن، ساكوڭلياۋلار ئىدى. ئۇلار
شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدىكى گېزىت- ژۇرناللارنى
نەشر قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. لېكىن ئاز سانلىق
مىللەت يېزىقىدىكى گېزىتلەرنى نەشر قىلىشتا، ئەينى ۋاقىتتا
ئاز سانلىق مىللىي ئاخبارات خىزمەتچىلىرى يوق ئىدى.
شۇڭا ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار-
دىن مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ ئۆمەر، خېلىل ساتتار، ئابلىز
شېرىپ، ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق يولداشلارنى گېزىت
ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ كادىر مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.
باسما ماشىنىلىرى يوق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار سوۋېت بى-
لەن توختام تۈزۈپ ئۇيغۇرچە، قازاقچە باسما ھەرپ بىلەن
مەتبە ماشىنىلىرىنى ئېلىپ كەلدى ھەم كەڭ ئازادە سېخ،
ئىشخانا ۋە ياتاقلارنى سالدى. ئەنە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق
تاش مەتبە ـمىق مەتبەگە ئۆزگەرتىلىپ، خەنزۇچە، ئۇي-
غۇرچە، قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» كەينى- كەينىدىن كەڭ
مۇشتەرىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى ھەم مەزمۇنى بېيىپ، بەت
سانى ئاشتى، تارقىلىش تىراژى كۆپەيدى. ئۇلار ئاز سان-
لىق مىللىي ئاخباراتچىلىرىنى تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەت بەردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە قارار ئاخ-
بارات خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئاچتى. ئەي-
نى يىللاردا يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشقان خادىملار بۈ-
گۈنكى كۈندە ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ تايانچ
كۈچى بولۇپ قالدى. مەن بىرىنچى قارارلىق كۇرسقا قات-
ناشقان ئىدىم، شۇ ۋاقىتتا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يول-
داش لى سۇپىڭ كۇرس خىزمىتىنى بىۋاستە تۇتۇپ، ئاخ-
باراتقا دائىر بىلىم ۋە مەتبەە تېخنىكىلىرى قاتارلىق
دەرسلىكلەرنى ئۆتكەن ئىدى. ئۇ كۇرسانتلارغا قاتتىق تە-
لەپ قوياتتى. بىر قېتىم مەن باشقا مەكتەپكە بېرىپ ئۇ-
قۇشنى ئىلتىماس قىلغىنىمدا، يولداش لى سۇپىڭ مېنى
ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كېلىپ، ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇت-
قان ھالدا، سەمىمىلىك بىلەن: «شىنجاڭدا ئاز سانلىق
مىللەت ئاخبارات خىزمەتچىلىرى يوق دېيەرلىك، مەتبەە
ئىشلىرىمۇ قالاق، شۇڭا بىز خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىتىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك، سېنىڭ ئۇيغۇر مىل-
لىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئاخبارات خىزمەتچىلى-
رىدىن بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن دېدى.
كېيىن يولداش ۋاڭ شياۋچۈن، ۋاڭ مولارمۇ ماڭا
بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا دائىم
غەمخورلۇق قىلىپ تۇردى. ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۆيگە قاي-
تىش چېغىمىزدا، ئۇلار بىزدىن يەكشەنبە كۈنى خەجلەيدى-
غان پۇلىمىزنىڭ بار-يوقلۇغىنى سوراپ تۇردى، بەزىدە پۇ-

لىمىزنىڭ يوقلۇغىنى بىلىپ قالسا، خەجلىگىدەك پۇل بې-
رەتتى، ئۇلار بىزنى خۇددى ئۆز بالىلىرىدەك ئاسرايتتى،
دائىم ياتاقلىرىمىزغا كېلىپ يوقلاپ تۇراتتى، بەزىدەيوتقان-
كۆرپىلىرىمىزنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتكەنلىگىنى كۆرسە
دەرھال سۆكتۈرۈپ يۇدۇرۇپ بېرەتتى. كەچقۇرۇنلىرى
خەلقارا ۋەزىيەت، 8 - ئارمىيە ۋە يېڭى 4 - ئارمىيە-
نىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. مۇشۇ ياخشى
ئۇستاز ۋە ياخشى دوستلارنىڭ تەربىيىسىدە، گېزىت ئىدا-
رىسىدىكى ھەرمىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سەممى
ئىتتىپاقلىشىپ، خۇددى ئاكا - ئۇكىلاردەك بولۇپ كەتتۇق.
كىممۇ ئويلىسۇن 1942 - يىلى مىلىلىتارىست شىڭشىسەي
گومىنداڭغا بېقىنىپ، ئۆزى ماختىغان «ئالتە بۈيۈك سىيا-
سەت»كە خائىنلىق قىلىپ، بىزنىڭ كوممۇنىست ئۇستازلى-
رىمىزنى كەينى - كەينىدىن تۈرمىگە تاشلىغىلى تۇردى.
لېكىن ئۇلارنىڭ ئەجىر قىلغان ئەمگىكى يەردە قالماي،
گېزىت ئىدارىسىدا چېچەكلەپ، مېۋە بەردى. 1943 - يىل-
دىن باشلاپ، گېزىت ئىدارىسىدا گومىنداڭغا قارشى كۈرەش
قوزغالدى. ھەر قايسى سېخ - بۆلۈملەرنىڭ ھەممىسىدە ئىش
تاشلاش، ئىشنى ئاخىستىش، گېزىتنى كېچىكتۈرۈپ نەشر
قىلىشتەك پائالىيەتلەر بارلىققا كەلدى. 1946 - يىلىغا
كەلگەندە، ئۇيغۇر، قازاق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زوراۋانلىغىغا قارىماي، كۈرەشنى
داۋاملاشتۇرۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرچە، قازاقچە «شىنجاڭ

گېزىتى» نى نەشر قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى تەشۋىق ئېلىپ باردى. ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر خىل يېزىقتىكى گېزىتلەر يېڭىۋاشتىن بىرلەشتۈرۈلدى.

مەن ھازىر گەرچە گېزىت ئىدارىسىدا ئىشلىمىسەممۇ، ھەر كۈنى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ گېزىتى» نى كۆرگىنىمدە، مەتبەساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئەينى يىللاردا كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى ئۈچۈن قان - تەرىنى ئاققۇزۇپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ياراتقان پارلاق تۆھپىلىرىنى بىرگە ئەسكە ئالىمەن.

# ئاتا - ئانامنىڭ ئارزۇسى

لىنا. نىيۇيۇيچىك (رۇس)

مېنىڭ دادامنىڭ ئىسمى نىيۇزۇلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خېبېيلىق خەنزۇ، ئاپامنىڭ ئىسمى مارىشا.شىتكوۋا. سوۋېت ئىتتىپاقى - سىبىرىيىدىن بولۇپ رۇس مىللىتى. دادام بىلەن ئاپام ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى - سىبىرىيىدىكى دېخانلاردىن بولۇپ، كېيىن قازاقىستاننىڭ ئوردا دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار گەرچە ئوخشىمىغان دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ئىككى مىللەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئورتاق ئەمگەك بىرلەشتۈرگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئارا ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرگەن. ئۇلار ئوردىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپام دادام بىللە جۇڭگوغا كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئوردىدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش جەريانىدا، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن،1927 - يىلى يەنە مەن تۇغۇلغان ئىكەنمەن. بىز ئاكا - سىڭىل تۇغۇلغاندىن باشلاپ، كىچىككىنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ زور خوشاللىق ئېلىپ كەلگەن. دادام گەرچە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتىنىنىڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. گېزىتلەردە جۇڭگوغا دائىر خەۋەرلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، ئىلاج قىلىپ كىشىلەرگە قايتا ـ قايتا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. 1931 ـ يىلى مەن ئەمدىلا بىر ئاز ئىش ئۇققىدەك بولغان ۋاقىتلىرىمدا، گېزىتكە «18 ـ سېنتەبىر» ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بېسىلدى. ئۇ چاغدا مەن زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن دادامنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئاپامنىڭمۇ يىغلىغانلىقىنى كۆردۈم. مەن تونۇيدىغان مۇھاجىرلارمۇ يىغلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن داۋاملىق دادامنىڭ ئاپامغا: «مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىزمۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېتەيلى!» دېگەنلىكىنى ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئەپسۇسكى ئۇزۇن ئۆتمەي دادام ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ كېسەللىكى ئېغىرلاشقان مەزگىلدە، ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى يېنىغا چاقىرىپ، راۋان رۇس تىلى بىلەن: «مەن جۇڭگولۇق، ۋەتەندە قىيىنچىلىق بولغان مەزگىلدە، مەن ئازراق كۈچۈمنىمۇ سەرپ قىلالمىدىم، سىلەر بولساڭلار مېنىڭ پەرزەنتلىرىم، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەر چوقۇم جۇڭگوغا بېرىپ، چوڭ بولۇپ دۆلەت ئۈچۈن ئىجىر سىڭدۈرۈڭلار» دېدى. ئاپام دادامغا تەسەللىي بېرىپ: «سىز ياخشىراق دەم ئېلىڭ، بىز سىز

بىلەن بىللە جۇڭگوغا بارىمىز» دېدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دادام تۆكەپ كەتتى. دادامنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئەمدىلا تۆكىتىپ تۇراتتۇق، ئاكاممۇ ئاغرىپ قالدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا خۇددى «بالايى - قازا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ» دېگەندەك بولدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن ئاپام ئامالنىڭ بىرىچە ئاكامنىڭ كېسەلىنى داۋالىتىشنى ئويلايتتى. لېكىن مۇدھىش ئەزرائىل ئاخىرى ئۇنىڭ كىچىككىنە جېنىنى ئېلىپ كەتتى. قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە قالغان ئاپامغا خۇددى ھەممە ئىشتىن ئۈمىت يوقتەك بىلىنمەكتە ئىدى، لېكىن دادام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ۋەسىيتى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. بىر كۈنى ئاخشىمى ئاپام ماڭا: «لىنا، مەن سېنى جۇڭگوغا ئېلىپ باراي، بارامسەن؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن: «جۇڭگو دادامنىڭ تۇپرىقى، بارىمەن» دېدىم. ئاپام يېقىملىقىنە كۈلۈپ قويدى.

1934 - يىلىنىڭ يازلىقى سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئاپام دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسى بويىچە، ئۇرۇق - تۇققانلار بىلەن خوشلىشىپ، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن مېنى ئېلىپ، ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ئەگەشىپ، شىنجاڭ چۆچەككە كەلدۇق. بۇ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋەتىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويغانلىق بولاتتى. ئاپامغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يات

يۇرتقا كېلىپ قالغان ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئاپام يەنىلا تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن مۇشۇيەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇ دايىم ماڭا: «لىنا، بۇ يەر دادائىنىڭ تۇپرىغى، سەن خەنزۇچىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىۋالغىن، بۇيەردىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغىن، يەرلىك باللار بىلەن ئوبدان دوست بولغىن» دەپ تەلىم بېرەتتى. مەن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى پۈتۈنلەي چۈشەندىم.

بىز ئانا - بالا ئىككىمىز جۇڭگونىڭ نوپۇسىغا ئۆتۈشنى ئىلتىماس قىلدۇق. ئەپسۇسكى، بىز جۇڭگو تىلىنى بىلمەيتتۇق. شۇنداق بولغانلىقتىن ئاپام مېنى رۇس باشلانغۇچ مەكتىۋىگە بىرتەرەپتىن رۇسچە ئوقۇپ، يەنە بىر ياقتىن خەنزۇتىلى ئۆگىنىشكە ئەكىرىپ بەردى. ئۇ ئۆزى سىرتقا چىقىپ ئىشلىدى، كىشلەرنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇدى، ئۆيلىرىنى ئاقارتتى... شۇنداق قىلىپ مېنى مەكتەپتە ئوقۇتتى. مەن رۇس باشلانغۇچ مەكتىۋىدە 3 يىل ئوقۇپ، رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالدىم، خەنزۇ تىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىلىۋالدىم، يەنە بىر مۇنچە خەتلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، ئاپام ھەمىشە دادامنىڭ ھايات چېغىدىكى ئارزۇسى بويىچە، مېنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. 12 يېشىمدا خەنزۇ مەكتىۋىگە يۆتكەلدىم. خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇچە سەۋىيەم تېز ئۆستى. مەكتەپتە 2 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، خەنزۇچە ئوتتۇرا مەكتەپكە

ئىمتىھان بېرىپ كىردىم. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىدى. شۇ كەمدە، جۇڭ-گو مۇھاجىرى بولغان ئەرلىرىگە ئەگىشىپ چۆچەككە كەلگەن نۇر-غۇن رۇس ئاياللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر ئاپامنىمۇ مېڭىشقا ھەركەتلەندۈرۈپ كۆردى. ئاپام: «مەن كېتەلمەيمەن، جۇڭگو يولدىشىمنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى مېنى بالى-لارنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتۇرۇش ئىدى. ئوغلۇم دۆلەت سىرتىدا ئۆلۈپ كەتكەچكە ئېلىپ كېلەلمەي قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، ئەگەر قىزىمنى يەنە دۆ-لەت سىرتىغا ئېلىپ كەتسەم، ئۆلۈپ كەتكەن يولدىشىم ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىمەن!» دېدى. دەسلەپ-كى چاغلاردا دادامنىڭ ساددا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئاپامنى تەسىرلەندۈرگەن، ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاپام ساپ سىنىپىي ھېسسىياتى بىلەن يەنە مېنى تەسىر-لەندۈردى. «جۇڭگو بىزنىڭ ۋەتىنىمىز، مەيلى قانداق بوران - چاپقۇنغا يولۇقمايلى، ھەرگىزمۇ ۋەتەندىن ئايرىلمايمىز!» بۇ مېنىڭ ئىرادەم، شۇنداقلا ئاپامنىڭ ئى-رادىسى بولدى.

1946-يىلى بىز چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. بۇ چاغ دەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى زورلۇق، ئۆكتەملىك بىلەن ھۆ-كۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللار بولۇپ، بىز ئانا - بالا ئىككى-مىز ئەمگەكچان ئىككى بىلىكىمىزگە، ھەر مىللەت خەلقلىرى-

ىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، ئاخىرى ئۈرۈمچىگە
ئورۇنلىشىپ قالدۇق. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ
يول بىلەن ئازات بولدى. بىز ئۈرۈمچىدە لېنىن، ستالىن
ۋە ماۋجۇشىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ، ئېيتقۇسىز خوشاللىققا
چۆمدۇق. 1950 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا، مەن دادامنىڭ ۋە
ئاپامنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشـ
مىسى قۇرغان خوتۇن-قىزلار تىككۈچىلىك كوپىراتىۋىغا قاتـ
ناشتىم. كوپىراتىپقا كىرگەن مەھەللە ئاياللىرى گەرچە 20
نەچچىلا ئادەم بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، رۇس، شىـ
ۋەدىن ئىبارەت 5 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ
تىلى، تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوخشىمايتتى. ئۇلارنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر كوللېكتىپ ئىچىدە ئەمگەك قىلدۇـ
رۇشتا قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس ئىدى. مەن ئاپامنىڭ ھەيدەكـ
چىلىكىدە بىر قانچە مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىم
ئۈچۈن بۇ كوللېكتىپتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدىم. ئۇـ
زاق ئۆتمەي، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مېنى تىكـ
كۈچىلىك كوپىراتىۋىنىڭ مۇدىرلىقىغا بەلگىلىدى. مەن مىلـ
لەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشنى، خىزمەتنى ياخشى ئىشـ
لەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدىم. شۇ چاغدا، نيۇرا، پىشا دىگەن
ئىككى رۇس ئايال ئىشچى تىل ئۇقمىغانلىقى ئۈچۈن، خىزـ
مەتتە خاتىرجەم بولالمىدى. مەن ھەر تەرەپلىمە خىزمەت
ئىشلەپ، كۆپچىلىكنى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارغا
ئېتىۋار بېرىدىغان قىلدىم. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئورنىغا
چۈشتى. ئۇيغۇر قىزى ئايشەم ئويۇنغا ئامراق بولۇپ، ئەسـ

تايىدىل تېخنىكا ئۆگەنمەيتتى، كوپىراتىپتىكى ئايالارنىڭ

ھەممىسى ئۇنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيتتى. مەن ئايىشەم

بىلەن داۋاملىق سىردىشىپ ھەم ئۆيۈمگە ئېلىپ كېلىپ،

كېسىمچىلىكنى، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشنى ئۆ-

گەتتىم. ئاخىرى ئۇنىڭغا ياردىمىم تەگدى. مەن تىككۈچىلىك

كوپىراتىۋىدىن ئىبارەت بىر كىچىك كوللېكتىپنى ياخشى

كۆرەتتىم، كوپىراتىپتىكى ھەر مىللەت ئاچا ـ سىڭىللارنى

تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈ-

چۈن، 1951 ـ يىلى مەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىردىم

ھەمدە شۇ يىلى شەھەردە ئېچىلغان ياشلار قۇرۇلتىيىغا ۋە

ئايالار قۇرۇلتىيىغا قاتناشتىم، يەنە شەھەرىمىزنىڭ 1 ـ نۆ-

ۋەتلىك سىياسى كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم. 3 يىل-

لىق تەبىئى ئاپەت مەزگىلىدە تىككۈچىلىك كوپىراتىۋى ئىشلەپچى-

قىرىشنى توختىتىپ ئاتتىن چۈشتى. مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن

ئەسلىدىكى 20 نەچچە ئايال ئىشچىنى تەشكىللەپ، بىرلىكتە

مەدىنىيەت ئۆگەندىم. مەن ھەرقايسى مىللەتنىڭ تىلىدا

ئۇلارغا كېزىت ئوقۇپ بەردىم. ئۇلارغا خەنزۇچە يېزىقتىن

دەرس ئۆتتۈم. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە 20 نەچچە نەپەر ھەر

مىللەت مەھەللە ئايالىرى بىزنىڭ ئۆگىنىش گۇرۇپپىمىزغا

قاتناشتى. ئۇلار جەمئى 40 تىن ئارتۇق بولۇپ يەتتە ـ

سەككىز مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۆگىنىش گۇرۇپپى-

سى مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ سايلىدى. ھەر كۈنى

بىرلىكتە مەدىنىيەت ئۆگەندۇق، ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك ئى-

دى. 1962 ـ يىلى خىزمىتىم ئەسلىسىگە كەلگەندىن كېيىن باشتىن ـ ئاخىر شەھەرلىك سودا ئىدارىسىغا قاراشلىق يېمەكلىكلەر ماگىزىنىدا ئىشلەپ كەلدىم. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىر قانچە ماگىزىنغا يۆتكەلدىم. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قىبرىنداش مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندا بولسا، بەزى ماگىزىندىكىلەرنىڭ بىر قانچىسى مىللىي پىركازچىكلار بولۇپ، خىزمەت ئىشلەش ئاسان ئەمەس ئىدى. تەشكىل ماڭا ئىشەنگەنلىكتىن مەن خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ئىخلاس بىلەن كەم ـ كۈتىسىز ئىشلىدىم. نەگە يۆتكىسە شۇ يەردە ئىشلىدىم. دەرۋەقە بۇ مەن بارسام قىيىنچىلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس، قىيىنچىلىق يەنىلا بار ئىدى، لېكىن مېنىڭ كونا ئامالىم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ سىردىشىش بولۇپ مىللىي ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن 3 ـ مەركىزىي ماگىزىندا خىزمەت قىلىۋاتقاندا لىۇ جۈيىڭ ئىسىملىك بىر خۇيزۇ پىركازچىك داۋاملىق كېچىكىپ كېلەتتى، باشقا پىركازچىكلارنىڭ ئۇنىڭغا پىكرى بار ئىدى. ھېچقايسى كۆرۈپپا ئۇنى ئېلىشنى خالىمايتتى، مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ قېتىم بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەپ، يەتتە بالىسى بارلىقىنى، يولدىشىنىڭ ئاغرىقچان ئىكەنلىكىنى، ئائىلىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، ئىشچىلار ئۆيۈشمىسىغا ئۇنىڭغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇنىڭ يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەتتە بالىسىنىڭ قىش، يازلىق كىيىمىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. ھەر

يىلى پەسىل ئالماشقان ۋاقىتدا ئىشتىن بوشىغان ۋاقىتلىـ
رىمدىن پايدىلىنىپ يەتتە بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى راسـ
لاپ ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بەردىم. لىۇجوۋيىڭ ھاياجانلىنىپ
كىشىلەرگە: «لىنا گەرچە رۇس بولسىمۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزـ
گە مۇسۇلمان ئاچا - سىڭىللاردىنمۇ يېقىن!» دەپ يۈردى.

چوڭ كۆۋرۈك ماگىزىنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقـ
تىمدا خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، رۇس بولۇپ 4 مىللەتتىن
بولغان ئالتە پىركازچىك بار ئىدى. ماگىزىننىڭ مۇدىرى
كۆپ قېتىم ئالمىشىپ تۇرغانلىقتىن ئىنتىپاقلىقىمۇ ياخشى
بولماي كەلگەن ئىكەن، مەن بارغاندىن كېيىن ئالدى بىـ
لەن بىر تۈزۈم بېكىتتىم، ئۇنىڭدا: «ئىنتىپاقلىققا پايدىسىز
گەپلەرنى دېمەسلىك، ئىنتىپاقلىققا پايدىسىز ئىشلارنى قىلىـ
ماسلىق، كىم خىلاپلىق قىلسا ئۆزىنى تەكشۈرۈش» دېگەن
تەلەپ قويۇلدى. مەن يەنە ئۆزئارا پىكرى بار كىشىلەرنى
بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئاندىن ئايرىم - ئايرىم خىزمەت ئىشـ
لەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۆزئارا ياردەم
قىلىشىنى، نەتىجە كۆرۈلگەندە ئۆزئارا ئۆتۈنۈشىنى، مەسـ
لە كۆرۈلگەندە تالىشىپ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى ئىلگىرى
سۈردۈم. بىر ئايغا بارمايلا ئەھۋالدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىـ
رىش بولدى. خۇيزۇ پىركازچىكلارنىڭ دېژۇرنىلىك ۋاقتى
كەلگەندە ئۇيغۇر پىركازچىكلار ماگىزىنغا سەھەر كېلىپ،
ماگىزىننى پاك - پاكىز تازىلاپ قويىدى؛ خەنزۇ پىركازـ
چىكلارنىڭ ئائىلىسىدىكى يۈكى ئېغىر بولسا ئۇيغۇر پىرـ

كازچىكلار ئۆزلىرىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇش، ئۆيلىرىنى ئاقارتىشقا ياردەملەشتى، مېنىڭ ئائىلە يوقسۇلىم ئېغىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن ماگىزىنىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىنى كۆپرەك ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم ھەمدە داۋاملىق ۋاقىت چىقىرىپ ھەر مىللەتتىن بولغان پىر كازچىكلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم، شۇڭلاشقا كۆپچىلىك مېنى سەممىي ھالدا «ھەدە» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ مېنى «لىنا ھاما» دەپ چاقىرىشىدىغان بولدى.

مەن مىللىي ئىتتىپاقلىق جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن، پارتىيە ۋە كۆپچىلىك ماڭا ناھايىتى زور شان ـ شەرەپ بەردى. مەن ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، ھەر يىلى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندىم، يەنە سودا ئىدارىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە شەھەرلىك «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندىم. مەن ھەر قېتىم مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئائىلەمگە ئېلىپ بارغاندا، ئاپام خوشاللىقىدىن مېنى سۆيۈپ كېتىدۇ ھەم ماڭا ياخشى غىزا ئېتىپ بېرىپ تەبرىكلەيدۇ.

1980 ـ يىلى مەن غالىبىيەت يول يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن پېنسىيىگە چىقتىم، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن شەھەرلىك سىياسى كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. مەن ئولتۇرۇۋاتقان مەھەللىدە مىللىي ئىتتى-

تىپاقلىقنى كۆچەيتىش ئۈچۈن بارلىق كـۈچۈمنى سەرپ قىـ
لىۋاتىمەن. سەندۈكبى رايونىدا ئـولتۇرۇشلۇق ناتاشا، باشا
قاتارلىق بەش نەپەر رۇس ئايال، ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئور-
گىنىنىڭ دوخـتۇر ۋە قارا خـىزمەتچىلىرى بـولۇپ، كېيىن
قىسقارتىلىپ كەتكەن، ھازىر ئۇلارنىڭ قـارايدىغان ئادىمى
بولمىغانلىقتىن تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆ-
تەتتى، مەن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئـەسلىدىكى ئىدارىلىـ
رىنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىگە ياردەملەشتىم. ھازىر بۇ بەش
نەپەر مـومايىنىڭ بەزىلىرى تـۇرمۇش ياردەم پۇلى ئالىدۇ،
بەزىلىرى ئايلىق قوشۇمچە ھەق ئـالىدۇ؛ ئۇلار پارتىيە ۋە
خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئـىنتايىن مىننەتدار. ھـەر قايسى قې-
رىنداش مىللەت ئاھالىلىرىدىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ مېنىڭ
ياردەملىشىپ سىياسەتنى ئەمىلىلەشتۈرۈپ بېرىشىمنى تەلەپ
قىلىسىلا مەن ھەممىسىگە ماقۇل بولۇپ، بەزىلىرىنى شەھەر-
لىك سىياسى كېڭەشكە، بەزىلىرىنى مـۇناسىۋەتلىك ئورۇنـ
لارغا ئىنكاس قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇلارنىڭ مە-
سىلىلىرىنى ھـەل قـىلىنىشىغا يـاردەم بەردىم. يولدۇشۇم
لى يۈنشىڭ (خـەنزۇ) شـەھەرلىك 7 - ئـوتتۇرا مـەكتەپتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىزمىتى گەرچە ئىنتايىن ئالـ
دىراش بولسىمۇ، مېنىڭ خىزمىتىمنى قوللاپ ھەر قېتىم سىرتـ
قا چىقىپ كەلگىنىمدە تاماق ئېتىپ مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
1984 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھـاياتىمدىكى ئـەڭ
بەختلىك بىر كۈن بولدى. بـۇ كـۈنى مـەملىكىتىمىزدىكى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تيەنئەنمېن كۆرەك مۇنبىرىدە پايتەخت خەلقى بىلەن بىرلىكتە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتىم. بۇ قېتىمقى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى300دىن ئوشۇقراق بولۇپ 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن مۇشۇنچىۋالا كۆپ قېرىنداش مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشۇمنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. تەبرىكلەش پائالىيىتى جەريانىدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىزنى سەمىمى قوبۇل قىلدى؛ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن بىز مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدۇق، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 ئۆلكە، 18 چوڭ شەھەرگە بېرىپ ۋەتىنىمىزنىڭسوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسىنى ۋە سۇرەتتىكىدەك گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 83 ياشلىق ئاپام مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىمگە سۆيۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى مېنىڭ يۈزلىرىمگە تاراملاپ چۈشتى. مەن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دىدىم: «ئاپا، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىكەن» ئاپام خۇددى نۇرغۇن گەپ - سۆزلىرى باردەك نىمە دىيىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. قەلبىدىكى ئوتتەك قىزىق

ھاياجىنىنى بىسۋىلىپ چوڭقۇر مەنىلىك ھالدا: «لىنا،سەن ھەقىقەتەن ئاناڭنىڭ ياخشى قىزى! ئەگەر داداڭ ھازىر- غىچە ـ ھايات بولغان بولسا نەقەدەر خوشال بولۇپ كىتەر ئىدى ھە!» شۇنداق! مىنىڭ ئىشلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ ئانامنىڭ ئارزۇسى ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، مىنىڭ ئىشلىگەنلىرىم ناھايىتىمۇ ئاز، ھاياتلا بولسام چوقۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تىخىمۇ جىقراق تۆھپە قوشىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قولنى ـ قولغا تۇتىشىپ، ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىش

چېن فاڭبۇ

شىنجاڭدا، 1949 ـ يىلى «25 ـ سېنتەبىر» تېنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئېلان قىلىنىش ھارپىسىدا، مەر ـ كەز ــ ئۈرۈمچىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن، ئىقتى ـ سات كاساتلىشىپ، بازارلار قۇرۇپ قالغان، كىشىلەر ئەن ـ سىزچىلىكتە قالغان، پىتنە ـ پاساتلار ھەممىلا يەرنى قاپ ـ لاپ كەتكەن ئىدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ لەنجۇنى ئازات قىلغاندىن كېيىن غەلىبىسىرى غەرپكە ئىلگىرىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈۋۈينىڭ ئازات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى بار ـ غانسېرى داۋالغۇشقا باشلىدى. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسىدىكىلەر ئارىسالدا بولۇپ قالغان ئىدى. بەزىلىرى قېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، بەزىلىرى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ھەقىقەتكە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى ۋە بەزىلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييار ـ لىنىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئويلى ـ غىنى بولسىمۇ، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە ئۇختۇرماي ئاستىرتتىن

تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. خەلق ئاممىسى بولسا ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بالدۇرراق يېتىپ كېلىپ شىنجاڭنى ئازات قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇش پارتلاپ كېتىپ مىللەتلەر ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلىشاتتى. چۈنكى شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ھەرمىللەت خەلقىنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقتىن شىنجاڭ تارىخىدا كۆپ قېتىم مىللىي توقۇنۇشلار بارلىققا كەلگەن ئىدى. 1931 - يىلى قۇمۇل دېخانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى پۈتۈن شىنجاڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

خەن سۇلالىسىدىكى جاڭ چەن غەرپكە كەلگەندىن بۇيانقى 2000 دىن كۆپرەك يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق يەرلىكنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈردى. بۇ تارىخنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىدۇر. مىللەتلەر ئارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر بولسا بەزى جايلاردا بولغان ۋاقىتلىق ئىش ئىدى. ماجۇڭيىڭ بىلەن جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۇرۇش يالقۇنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. لېكىن شېڭ شىسەي 1933 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىق، تېچلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقتىن، ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

تېزلا ۋاقىتتا قالايمىقانچىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تېچلان-
لاندۇردى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەلق-
نىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك
باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئارقىدىنلا كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز-
نىڭ سىياسىي پىروگراممىسى، «ئۈچ ۋەزىپە»، «8 ماددىلىق
خىتاپنامە»دىن، «بەش چوڭ سىياسەت»، «6 بۈيۈك سىيا-
سەت»كىچە ھەممىسىدە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى مۇھىم
مەزمۇن قىلدى. شۇڭا شىنجاڭدا ناھايىتى تېزلا تېچلىق
ئەسلىگە كېلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى،
دوستلۇغى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆز ئارا ياردىمىدىن ئىبارەت
يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

شىڭ شىسەي سىياسەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتىكى ھا-
كىمىيەت، كۈچلۈك ھاكىمىيەت ئىدى. «بۇيرۇقنى ئىجرا قى-
لىش، چەكلەنگەننى توساش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دېيىشكە
بولاتتى، خەلق سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى.
مىللىي سىياسەتكە تېخىمۇ خىلاپلىق قىلالمايتتى. مەن
1935 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەندە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
سوغاقچىلىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلمەيتتىم، مەن دەرس
بېرىدىغان مەكتەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ئۇرۇمچى
(دىخۇا) بىرىنچى سىفەن مەكتىۋى ئىدى، مەكتەپ-
تە ھەر قايسى مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى
ئوقۇيتتى. كەسپداشلار ئارىسىدا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى-

لار ئارىسىدا، ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئىناقلىق، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇقتەك ياخشى مەكتەپ ئىستىلى شەكىللەنگەن ئىدى. ھازىر ئەسلىسەم ئۇ ئىشلار ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. جەمئىيەت كەيپىياتىمۇ يۇقۇرقىدەك ئىدى. ئەينى چاغدا «6 بۈيۈك سىياسەت» تېز ئىجرا قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ھەر قانداق ئادەم «6 بۈيۈك سىياسەت»كە خىلاپلىق قىلىدىغان سۆز - ھەركەتلەرنى قىلسا تەنقىتكە ئۇچرايتتى، ھەتتا چارە كۆرۈلەتتى. خەلق ئاممىسى ئارىسىدىمۇ سۆز - ھەركەتتە مىللى ئۆرپ - ئادەتكە خىلاپلىق قىلىپ ئۆزى سېزىپ قالسا ياكى قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويسا دەرھال ئەپۇ سورايتتى. مۇنداق ئەھۋاللارنى مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن.

نەزىرىيە جەھەتتىن، سىياسى جەھەتتىن، تەشۋىقات جەھەتتىن مىللى باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەچكە، شىنجاڭ تېچ يول بىلەن ئازات بولغانغا قەدەر ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ ئاساسى بار ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە گەرچە گومىنداڭنىڭ سىياسىتىنىڭ چىرىكلىكىدىن ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ لېكىن، جاڭجىجۇڭ ئەپەندى ئاقىلانە سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تېچلىق بېتىمى ئىمزالىنىپ، مىللى دېموكراتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى

www.uyghurkitap.com

تەشكىللىنىپ شىنجاڭنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بەزى سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى قوغداپ قېلىنغان ئىدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئەزالىرى ئىلىغا قايتىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي 1948 - يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇپ، ئىناۋىتى يۇقىرى، ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىدىن ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل مەيداندا چىڭ تۇرىدىغانلار ئاخىرى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ھەقىقەتكە قايتىش سەپىرىدە دۆلەتتىن قېچىپ كەتتى. باشقىلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىردەك كۈچ چىقىرىپ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولۇشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئۆز تۆھپىسىنى تەقدىم قىلدى. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكى بىر نەچچىسى بار:

1. ماناسقا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ جانلىق گەۋدىلىنىشىدۇر. 1949 - يىلى 7 - ئايدا ماناس، قۇتۇبى، سانجى 3 ناھىيە خەلقى ئارىسىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بوپتۇ، ئۇرۇش يەنە پارتلى-

غىدەك دىگەن گەپ تارقىتىشقا باشلىدى. خەلىق ئاپەتتىن قىچىشقا تەييارلاندى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇن ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تەييارلىنىپ خەلقنىڭ 150تىن ئارتۇق ئات ھارۋىسىنى يىغىۋېلىپ چېكىنگەنىدە ئىشلىتىدىغان قاتناش قورالى قىلماقچى بولدى. بىر دىنلا ئىغۋالار كۆپىيىپ كەتتى. كىشلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ قالدى. خەلق ئىشلەپچىقىرىشتىن ۋاز كەچتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، رەئىس بۇرھان شەھىدى دەرھال ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ماناسقا بېرىپ ئۆچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن تېچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپ ئۆز-ئاراچۈشىنىش ھاسىل قىلىپ قورال ئىشلەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىقىنى قوغداشنى قارار قىلدى. بارىدىغان ۋەكىللەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چىن فاڭبۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىۋات باشقارمىسى كادىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نۇسرەت ۋە خەۋپسىزلىكنى قوغداش قوماندانلىق ئىشتاۋىدىكى بۆلۈم باشلىغى ۋاڭ قاتارلىقلار بولدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆزى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھەممىلا يەردە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى مۇھىم بىلىپ، تېچلىق ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئومۇمى ۋەزىيەتكە ئېتىۋار قىلىپ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلاشتى. شۇڭلاشقا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇئاۋىن باش قوماندانى مەرغوپ، ماناستا تۇرۇشلۇق تۆەنىنىڭ تۆەنجاڭى ئىمىنوپ قاتارلىقلار بىلەن بولغان سۆھبەت ئۇچۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈپ ناھايىتى تېزلا بېتىم ئىمزالاندى.

ئەينى چاغدىكى سىياسى ۋەزىيەت ــ گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئارمىيىسى ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى تۇرغان، ھەر قاچان توقۇنۇش پەيدا بولۇپ ئۇرۇش پارتلاش ئېھتىمالى باربولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا ئەگەر مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلمىغان، قارشى تەرەپلەر چۈشىنىش ھاسىل قىلمىغان ھەمدە كېلىشىم تۈزمىگەن ئەھۋالدا ئەگەر مەسىلە يۈز بەرسە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت ئېلىپ بارغان مەيدانى ئىنتايىن ئاددى ئىدى. دەريانىڭ ياقىسىغا ۋاقىتلىق لەمپە ياساپ سۆھبەت ئېلىپ بارغان. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ئۆزگىچە بولغان ئىدى. ئىككى تەرەپ ئۈچ تۈرلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك كېلىشىمنى مەرغوپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ئۇ بولسىمۇ:

1- بىز ھۇجۇم قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىمىز، سىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋە خەلققە يەتكۈزۈڭلار، خەلقنىڭ خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، دەككە ـ دۈككە بولۇپ قاچماسلىقىغا تەربىيە بېرىڭلار. 2 ـ قارشى

تەرەپ ئارمىيىسى يېڭىۋالغان خەلقنىڭ ئات ھارۋىلىرى-نى خەلققە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، خەلق ئىشلەپچىقىرىش بى-لەن شۇغۇللانسۇن، 3 ـ بىز تەرەپ جەڭچىلەر دەريادا ئات سۇغۇرغاندا ياكى سۇ ئالغاندا قارشى تەرەپ ئەسكەرلىرى چېقىلمىسۇن، ئوق چىقىرىپ ئادەم ياربدار قىلمىسۇن دېدى. ئىككى تەرەپ بۇ ئۈچ تۈرلۈك پىكىرگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. تېچلىقتا كاپالەتلىك قىلى-نىپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

2. رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر-نىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەش-كىلاتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمى-سىنى «دىخۇا (ئۈرۈمچى) سودا سانائەتچىلەر ساھەسىدى-كىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇشقا قوزغىدى. بۇ تەشكىلات ئەينى چاغدا ئاشكارىلانمىغان بولۇپ ھەر مىللەت ئىلغار سودا ـ سانائەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىدى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى گومىنداڭنىڭ جۇڭچې-ۋەندە تۈرۈشلۇق قوشۇنى تېچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايت-قانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار تەرەپدارلىرى بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلار تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. ھە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتى-
ۋاشلىرى ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن شىنجاڭدىن چىقىپ
كېتىشنى قارار قىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ شىن-
جاڭدىن ئۇڭۇشلۇق چىقىپ كېتىشى، ھەقىقەتكە قايتقان كو-
ماندىر، ئەسكەرلەرنى تۇراقلاندۇرۇش ئۈچۈن، رەئىس بۇر-
ھان، قوغدىغۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى نىي فۇلى (يەر
ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى)، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ ھەيئەتى ليۇ يۇڭشاڭ، بەي ۋىنلى قاتارلىقلارنى
سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەش-
كىلاتى سودا - سانائەتچىلەر ياچېيكىسىنىڭ ئادەملىرى بى-
لەن مۇزاكىرىلىشىپ، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ
«شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھە» نامىدىن شىنجاڭدىن
چىقىپ كېتىشكە تەييارلىنىۋاتقان ئارمىيە، ھۆكۈمەت كاتتى-
ۋاشلىرىغا ئالتۇندىن خاتىرە ئىزنىگى ياساپ بېرىشنى بۇي-
رۇدى. شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بۇ ۋەزىپىنى نا-
ھايىتى تېزلا ئورۇنلىدى ھەمدە ماخېنەن (خۇيزۇ)، فەن
شىجۇ، تەلئەت موسابايوپ (ئۇيغۇر) قاتارلىق 11 كىشىدىن
تەشكىللەنگەن «ئورۇمچى سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر-
نىڭ شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش
گۇرۇپپىسى»نى قۇرۇش قارار قىلىندى. 9 - ئاينىڭ 25 -
كۈنى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئارمىيە،
ھۆكۈمەت كاتتىۋاشلىرى ئورۇمچىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقتى،
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋە 26 - چىسلا كۈنلىرى سابىق

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ھۆكۈمەت دا-ئىرىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولۇشى ئەمەلگە ئاشتى.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتە، شەھەرلىك سودى-گەرلەر ئۇيۇشمىسى ئىجرائىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ «ئۇرۇمچى سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى»نى، «ئۇرۇمچى سودا - سانائەتچىلىرىنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى»گە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ليۇ-جۇشى، ئەن جىشۇ (خۇيزۇ) قاتارلىقلارنى ئەزالىققا تولۇقلىدى ھەمدە بۇ سۈك لىكىنى سودا - سانا-ئەتچىلەر ۋەكىلى قىلىپ شەھەرنىڭ ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرگە قومۇلغا بېرىپ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملارنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-قىتتا ھەقىقەتكە قايتقان كوماندىر، ئەسكەرلەردىن ھال سو-راش تەييارلىق خىزمىتىگە ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى. پۈ-تۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت سودا - سانائەتچىلىرىنىڭ (ئىس-لام سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاكتىپ قوللىشى بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئەتىر سوپۇن، لۆڭگە، پېچىنە، كونسېرۋا قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىدىن 20 نەچچە ساندۇق (تەخمىنەن ئۈچ قارا ما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شنا) ھەمدە 6 مىڭ تىرىك قوي، 3 مىڭ چوشقا، 10 مىڭ دادەن بۇغداي (ئالى دەرىجىلىك ئاق ئۇن قىلىنىپ پىشـ شىقلاپ ئىشلەندى)، 3 مىڭ جىڭ سۆيىغى توپلانـدى. 9 ـ ئاينىڭ 30 كۈنىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچىدە ھەـ قىقەتكە قايتقان قىسىملار ۋە ساقچىلاردىن ھال سورالدى. بۇ قېتىمقى ھال سوراش ناھايىتى داغـدۇغىلىق بولغاچقا، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار چوڭقۇر تەسىرلەندى.شۇڭا ئاـ زاتلىق ئارمىيە يېتىپ كېلىشىدىن بۇرۇن، جەمىيەتنىڭ ئاـ مانلىقىنى قوغداپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش، بـۇزۇق ئاـ دەملەرنىڭ قالايمىقانچىلىق قىلىشىنى توساش جەھەتلەردە ئۇلار زور رول ئوينىدى.

3 . ئەينى چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىـ رى ئىچىدە ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلاردىن باشـ قا بىز بىرنەچچە خەنزۇ ھەيئەتلەر رەئىس بۇرھاننىڭ رەھـ بەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئەتلىرى جـۇڭ دېيخـۇا (شىۋە مىللىتىدىن)، ئېردەنى (موڭغۇل)، ليۇ دېيەن (مانجۇ) قاتارلىقلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، تېچ يول بىلەن ھەـ قىقەتكە قايتىشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردۇق. بىز ئۆزلىرىـ مىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ مىللىي يۇقۇرى قاتلام ئەرباپلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈـ چەيتتۇق. مەسىلەن: خۇيزۇمىللىتىدىن بولغان دىنىي باشلىق ماليافجۇننىڭ تەكلىپ قىلىپ لومەنچىڭغا بىرىپ شۇيەردىكى ئاتـ لىق 5 ـ كورپۇسنىڭ ئىشتاۋىغا بىرىپ ماچىڭشياڭنىڭ تېچلىق

بىلەن شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتتۇق. ئىسلام سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ھاجى قاتارلىق ئادەملەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ھەر خىل پائالىيەتلىرىنى قاناتيايدۇردۇق. ئابدۇرېھىم ھاجى قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىلىدىن ئىككى ماشىنا سوۋېتتىن ئىمپورت قىلىنغان تاماكا، ئەتىر سوپۇن يۆتكەپ كېلىنىپ شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ھال سوراش پائالىيىتىگە ئىشلىتىلدى.

شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرا بولغانلىقىدىن ھەر مىللەت خەلقى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق باراۋەر، ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىدىغان مۇستەھكەم يېڭى مىللىي مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇلدى. بولۇپمۇ يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن بۇيان «ئىككى بىربىرىدىن ئايرىلالماسلىق» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. «ئىككى بىر ـ بىرسىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىيغىنىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 12 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىيىغىنىنىڭ روھى-
نىڭ ئىلهامى بىلەن پارتىيە ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شە-
ھەرلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان كۆرەش نىشانىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ئاپتونوم را-
يونىمىز قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى قۇتلۇقلاشنى كۈتۈ-
ۋالماقتا.

# يايلاقتىكى ئىككى ئەۋلات

قازاق مىللىتىدە: «چارۋا — يايلاقتا ئۆسىدۇ، ياخشى ئاتنى — چەۋەنداز يېتىشتۈرىدۇ» دىگەن تەمسىل بار. ئەگەر شۇنداق بولغاندا بىز قازاق خەلقىنىڭ نادانلىق يايلاق تۇرمۇشىدىن سوتسىيالىزىم داغدام يولىغا مېڭىشىمىز، جۇڭگو كوڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ تەربىيىسىدىن بولدى.

مېنىڭ ئائىلەم — تارىختىن بۇيان ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) سارداۋاندىكى بىر كەمبەغەل چارۋىچى. مەن باللىق چېغىمدا ئاتامدىن ئايرىلدىم. 12 ياشتىن باشلاپ قولۇمغا تاياق ئېلىپ قېلىن تاغ - يايلاقلىرىدا تىرمىشىپ قوي بېقىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ ۋاقىتلاردا بىز ئاندا - ساندا ياغاچ كېسىدىغان خەنزۇ ئىشچىلارغا ئۇچراپ قالغىنىمىزدا، شۇ ۋاقىتتىكى خىلمۇ - خىل ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلار كاساپىتىدىن يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. ئۇلارنى كۆرگەن هامان قويلىرىمىزنى قوغلاپ يىراققا كېتەتتۇق. ياغاچ كەسكۈچى خەنزۇ ئىشچىلار، بىزگە ئەزەلدىن زىيان كەلتۈرۈپ باققىنى يوق، بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاشلىغىنى بىزگە بېرەتتى. كۈن ئۇزارغانسېرى ئىگىز قاتمۇ - قات

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاغ، قېلىن ئورمانزارلىق ئىچىدىكى يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كېتىشتۇق. خەنزۇ ياغاچ كېسىش ئىشچىلىرى بىزدىن قازاقچە سۆز ئۆگىنىدىغان، بىزگە خەنزۇچە سۆز ئۆگىتىدىغان ياخشى كەيپىيات بارلىققا كېلىپ، مەن تېز ئارىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىر قانچىلىغان خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. مەسىلەن: «ياخشىمۇسىز؟» «نەدە سۇ بار؟» «بۈگۈن يامغۇر ياغىدۇ» قاتارلىقلار. خەنزۇ ئىشچىلار ماڭا قىزغىن هالدا ئۆيىگە بېرىپ مېهمان بولۇشنى تەكلىپ قىلاتتى. قاتتىق بوران - چاپقۇنغا ئۇچرىغاندا، بىزنىڭ قويلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يېشى بىزنىڭ دادىمىزدىن چوڭ بولسىمۇ، بىز قازاق خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە «خەنزۇ ئاكا» دېگەن يېقىملىق نام بىلەن ئاتايتتۇق.

شۇ مەزگىل دەل ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتى بولۇپ، جۇڭگو گومىنداڭ بىلەن شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىڭ شىسەي ياپونغا قارشى تۇرۇش مىللى بىرلىكسېپىنى قۇرغان مەزگىل ئىدى. كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا، شىڭشىسەي جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش قاتارلىقلارنى مۇهىم مەزمۇن قىلغان «6 بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان ئىدى.

قازاق، قىرغىز مىللىتى بىرلىشىپ تەشكىللىگەن مەدىنى ئا-قارتىش ئۇيۇشمىسى، ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، نەنسەن چارۋىچىلىق رايونىدىن ئو-قۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. باي چارۋا ئى-گىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلەنمىگەچكە شەھەرگە كېلىپ ئوقۇشنى خالىمىدى. مەندە خەنزۇچە ئۆ-گىنىشكە قىزغىنلىق بولغاچقا ئۆزەمگە ئوخشاش بىر مۇنچە كەمبەغەل چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئو-قۇشقا تىزىملاتدۇق.

1942 - يىلى كۈزدە بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردۇق. بىرتەرەپتىن قازاقچە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ئوقۇدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇ-چە تىل - خەت ئۆگىنىپ بىر يىلدىن كېيىن بىر نەچچەيۈز خەنزۇچە خەتنى ئۆگىنىۋالدىم. كوچىلاردىكى «ياپون جا-ھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!»، «بىردەك ئىتتىپاق-لىشىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى» قاتارلىق شوئارلارنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولۇپ قالدىم. يەنە خەنزۇچە «جاھانگىرلىك-كە قارشى تۇرۇش ھەربى مارش»نى ئۆگىنىۋالدىم.

شىرىن چۈش ئۇزۇنغا بارمىغاندەك 1943 - يىلى شىڭشىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بولغان ياپونغا قارشى مىللى بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئاشكارا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدىنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىلى-
رى تارقىتىۋېتىلدى. ئۇيۇشما باشقۇرغان باشلانغۇچ مەك-
تەپ ئىلاجسىز تاقالدى. مەن بىر يىتىم بالا بولغىنىم ئۈ-
چۈن يىتىملەر مەكتىۋىگە كىرىپ داۋاملىق ئوقۇشقا ئەۋە-
تىلدىم، يىتىملەر مەكتىۋىدە 100 دىن ئارتۇق نامرات ۋە
يىتىم بالىلار بولۇپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، 4 سىنىپقا بۆلۈ-
نۈپ يېرىم ئىشلەپ، يېرىم ئوقۇپ 2 يىلدىن كېيىن ئىمتى-
ھان بېرىپ دارىلمۇئەللىم قارمىغىدىكى باشلانغۇچ سىنىپقا
كىرىپ ئوقۇدۇم. ئوقۇش جەريانىدا خەنزۇچە تىل ۋە خەت-
نى بېرىلىپ ئۆگىنىپ نەتىجەم ئەلا بولغانلىقتىن ئۇزۇن
ئۆتمەيلا تولۇقسىز سىنىپقا كۆچتۈم. خەنزۇ ئوقۇتقۇچى، ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ياردىمى ئارقىسىدا، ئوقۇشتا تېز
ئىلگىرىلەپ خەنزۇچە گېزىتلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن
ئوقۇيالايدىغان بولدۇم.

1949 - يىلى 8 - ئاي ئەمدىلا 22 ياشقا توشقان
ۋاقتىمدا ئۈرۈمچى قازاق باشلانغۇچ مەكتىۋىگە مۇئەللىم
بولدۇم. بۇ دەل جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى، غەربىي
شىمالغا قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقان ئازاتلىقنىڭ
تاڭ نۇرى تىيانشاننى يورۇتۇشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى.
قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا:
«جۇپ سان بەخت - سائادەتنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلىدۇ. مەن
22 يېشىمدا خىزمەت سېپىگە ئاتلاندىم. شۇڭا تولۇپ
تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئوقۇغانلىرىم ۋە خەنزۇ يولداشلار-

دىن ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئىشلە-
تىپ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزغا قالدۇرۇش ئىشىغا كىرىشىپ
كەتتىم. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى باھار گۈل-
دۇرمامىسى گۈلدۈرلەپ شىنجاڭ ئازات بولدى. مېنىڭ ھا-
ياجانغا تولغان قەلبىم تېخى تىنچلانماي تۇرۇپ، 1950-
يىلىنىڭ بېشىدا يەرلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇر-
سىدا ئوقۇشقا تاللاندىم. ئوقۇش جەريانىدا يولداش ۋاڭ
جېن قاتارلىق پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىنقىلاۋىي دۇنيا
قاراشنى تىكلەش ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياستىنى ئىز-
چىللاشتۇرۇش ھەققىدە بەرگەن مۇھىم دوكلاتلىرىنى ئۆز
قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش مەن ئۈچۈن
ئېيتقاندا ئاددى ئىنقىلاۋىي ھېسسىياتتىن تەرەققى قىلىپ
ئىدىيەمنى نەزىرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشتا بىر قېتىملىق
زور ئىلگىرىلەش جەريانى بولدى. پارتىيە مېنىڭ ئىنقىلاپ
يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن
1951 - يىلى 9 - ئايدا مېنى غەربىي شىمال خەلق ئىن-
قىلاۋىي داشۆسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مەن تۇنجى قېتىم
قەدىمىي شەھەر شىئەننى كۆرگىنىمگدە، ماڭا تەسىر قىلغىنى
ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە خەنزۇ خەلقى-
نىڭ قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋېلىشى بولدى.
بىز بىرگە بارغان 5 كۇرسانت — ئىككى ئۇيغۇر، ئىككى
قازاق، بىر خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىغان خۇيزۇ (غۇلجىدىن
ئەۋەتىلگەن)دىن ئىبارەت 3 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان ئى-

دۇق. مەكتەپ رەھبەرلىگى بىزنىڭ تىل قىيىنچىلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، بىزگە مەخسۇس تەرجىمان ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قېتىملىق ئۆگىنىشتە — پارتىيە تارىخى، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى قاتارلىق سىياسى دەرسلەرنى سىستىمىلىق ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، ئۆگىنىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خەنزۇچىنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. ھەر كۈنى 8 – 9 سائەت ئۆگىنىمەن. بۇنى كۈندە ئورۇنلىمىسام بولمايدىغان ۋەزىپە قاتارىدا بىسىپ ئۆگەندىم. ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم. 1952 – يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردىم. 1956 – يىلى شەھەرلىك مەدىنى – مائارىپ ئىدارىسىغا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندىم. 1959 – يىلدىن 1961 – يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتوتىنىڭ مائارىپ مەمۇرى سىنىپىغا تاللىنىپ 2 يىل نەزىرىيە ئوقۇدۇم. 1984 – يىلى 2 – ئايدا ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنىستىتوتىغا يۆتكەلدىم. ھازىر ئىنىستىتوتىمىزدا 31 سىنىپ، 1529 نەپەر كۇرسانت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، تاجىك، خۇيزۇ، رۇس قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانتلىرى 200 گە يېتىدۇ. مىللى، ئالى تېخنىكوم سىنىپىدىن 4 سى، بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىن بىرسى بار. بۇندىن باشقا بىر خەنزۇ كۇرسانت مىللى سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنىستىتوتى خەنزۇ، مىللىلار بىر-

لەشتۈرۈلگەن مەكتەپ، شۇڭا، مەكتەپ پارتىيە تەشكىلى مىللى سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىنستىتوتىمىزدا مىللى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 16سى بار. 5 نەپەر ئىنستىتوت رەھبىرىنىڭ 2 سى مىللى يولداش. بىرى مەن، يەنە بىرى يولداش ئابدۇرەخىم ئاببا‌س(تاتار). بارلىق مىللى يولداشلار خەنزۇ يولداشلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقتا ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ ياخشى ئىتتىپاقلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز تەسىراتلىرىمىز ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزىملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتى تەربىيىسىنى ئېلىپ باردۇق. ئىنستىتوتىمىزدا ئوقۇۋاتقان 13 نەپەر قازاق كۇرسانتىنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ رايونىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۆز ۋاقتىدا مەن بىلەن يايلاقتا بىرلىكتە ئۆسكەن پادىچى بالىلار ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا قاتتىق تەلەپ قويىماقتىمەن. ئۇلارغا دائىم: «بىز ئىككى ئەۋلات كىشىلىرى گەرچە ھەممىمىز چارۋىچىلىق رايونىدا تۇغۇلغان بولساقمۇ، لېكىن پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ غەمخورلىقىدە، خەنزۇ يولداشلارنىڭ خالىسانە ياردىمى ئارقىسىدا، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى يارامىلىق زىيالىلاردىن بولۇپ يېتىشتۇق» - دەيمەن. مەن يەنە ئۆزەمنىڭ تەسىراتلىرىمنى سۆزلەش ئارقىلىق مىللى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش خەنزۇ يولداشلارنىڭ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلىملىرىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ تۇرىمەن.

بىزنىڭ ئورتاق ئىرىشىشىمىز ئارقىسىدا ئۇرۇمچى ما- ئارىپ ئىنىستىتوتى مىللى ئىتتىپاقلىق چوڭ ئائىلىسى بولۇپ شەكىللەندى. ئۆتكەن يىلى ئىنىستىتوتىمىزدا ئاشخانا قۇرماق- چى بولغاندا، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئېتىۋار بېرىپ خەنزۇ ئاشخانىسى قۇر- ماستىن پەقەت بىرلا مىللى ئاشخانا قۇرۇپ كۆپچىلىك بىر- لىكتە غىزالىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىشتىن ئىنىستىتوتى- مىزدىكى بارلىق مىللى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار قاتتىق تەسىرلەندى. خۇسۇسەن چارۋىچىلىق رايونىدىن كەلگەن قازاق ئوقۇغۇچىلار تەسىرلەنگەن ھالدا ماڭا: خەنزۇ يول- داشلار بىزگە شۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلىۋاتقان ئىكەن، بىز ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنى- مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم — دېيىشتى. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە خەت يېزىپ ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئائىلىسىنى خەۋەردار قىلدى. ئۆتكەن يىلى مەن جەنۇبىي تاغ چارۋىچىلىق رايونىغا تۇققان يوقلاپ بارغىنىمدا، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ماڭا: «كىچىك بۈركۈتنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىش قابىلىيىتىنى چوڭ بۈركۈت يېتىشتۈرگەن» — دېدى. مەن ئۇلارغا «بىز ئىككى ئەۋلات تاغ بۈركۈتىنىڭ قانات قېقىشى ئەۋزەل شارائىتتا چىنىقىپ يېتىلدى» دەپ جا-

ۋاپ بەردىم. ئەمىلىيەتتىمۇ شۇنداق. ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، خەنزۇ يولداشلارنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا تاغ، ئېدىر، يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەن بىزدەك چارۋىچىلار ھەرگىزمۇ كۆكتە پەرۋاز قىلـغان تاغ بۈركۈتى بولالماس ئىدۇق. پەقەت بىز ئىككى ئەۋلاتلىمۇ؟ ياق! بىز ئىككى ئەۋلاتلا ئەمەس. قازاقخەلقى ئەبىدى ـ ئەبەت بۇ پارلاق داغدام يولنى بويلاپ تاكى ئۇلۇغ كوممۇنىزىمغا قەدەر مەردانە قەدەملەر بىلەن ئالغا باسىمىز.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۆۋرۈكى بولىمەن

### گۆەن بىڭۋىن (شىۋە)

شىۋە مىللىتى ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇس سانى نىسبەتەن ئاز بولغان ئۇششاق مىللەت. شۇڭا ھەردائىم ئاكا مىللەتلەرنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. مەن بىر ئاددىي دېھقان ئوغلىدىن، دۆلەت كادىرى بولۇپ يېتىشتىم. شۇنىڭدىن داقلا شەرەپ بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 6 ــ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ئەزا بولدۇم.

بەزىلەر: شىۋە مىللىتى بىر نەچچە تىلنى بىلىدىغان مىللەت دېيىشىدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق. شىۋە مىللىتى، مەيلى ئەر ــ ئايال، قېرى ــ ياش بولۇشتىن قەتئىي نەزەر يۈتۈنلەي بىر نەچچە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلىدۇ. مەن ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا 30 نەچچە يىل بولدى. شىۋە مىللىتى نىمە ئۈچۈن بىرقانچە مىللەتنىڭ تىل ــ يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تارىختىن سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش ئۈچۈن قوزغىغان قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتقاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي زېمىننى قوغداش ئۈچۈن، مىلادى 1764 ـ يىلى شەرقىي شىمالدىكى ① 8 تۇغلۇق قوشۇنىدىن مىڭدىن ئارتۇق يارامىلىق شىۋە ئەسكەرلىرىنى ئاجرىتىپ شىۋە باتالىيون تەشكىللىگەن. ئۇلار بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 3 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم شۇ يىلى ھىجرىيە 4 ـ ئايدا غەربىي شىمالدىن يولغا چىقىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، موڭغۇل ئوتلاقلىرى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1765 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا مۇداپىئەدە تۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ جاي «خېنەن» (دەريانىڭ جەنۇبى) دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر چاپچال دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. شىۋە باتالىيونى خېنەندە مۇداپىئەدە تۇرغاندىن كېيىن، دۆلەت چېگرىسىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ ئىنشائەت قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىلىنىڭ ئەھۋالى ھازىرقىغا ئوخشاش كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۆز ـ ئارا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشەتتى.

① 8 تۇغ — 8 تۇغدىن تەركىپ تاپقان مانجۇ قوشۇنى، ھەر بىر تۇغ بىر خىل رەڭدە بولۇپ بىرىگادا بىلەن باراۋەر كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېقىندىن كېلىپ تۇراقلاشقان شىۋە مىللىتى رىيال تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەپتىن «بىر قانچە تىللىق بولۇش» شىۋە مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

مەن 1931 - يىلى چاپچالدا تۇغۇلدۇم. كىچىك چېغىمدا ئاتا - ئانىلىرىمدىن ئانا تىلىمنى ئۆگەنگەنىمنىڭ سىرتىدا يېزىمىزدىكى كىچىك دوستلاردىن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئۆگەندىم. ئازاتلىقتىن بۇرۇن يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇدۇم، ئازاتلىقتىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىنى داۋاملىق ئۆگەندىم. 1951 - يىلى 10 - ئايدا، ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى تەرجىمان يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن چاپچالدىن بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئالغىلى بارغاندا 40 نەچچە شىۋە ياشلىرى ئىمتىھان بەردى. مەن ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتتۈم. بىراق سالامەتلىكىنى تەكشۈرگەندە كۆزۈم ناچار ئىكەن دەپ مېنى قالدۇرۇپ قويماقچى بولدى. شۇ ۋاقىتتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى (ئۇيغۇر) ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ غۇلجا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ كادىرلار مەكتىپىگە ئەۋەتكەن. شۇ چاغلاردا مېنىڭ يېشىم 20 گە كىرمىگەن ئىدى. كۆڭلۈم ئۆيگە تارتىشىپ تۇراتتى. ئاتا - ئانىلىرىم ماڭا: «ئاتا-

بوۋىلىرىمىز دۆلەتنىڭ تۇپرىغىنى قوغداش ئۈچۈن شەر-
قىي شىمالدىن خوشاللىق بىلەن غەربىي شىمالغا كەل-
دى. بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە سىنى ئۆلكىلىك مەركىزىي
شەھەرگە بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، خو-
شال - خۇراملىق بىلەن بېرىشىڭ كېرەك» دەپ ئىلھام
بەردى. مەن ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىۋىدە بىر يىل
تەرجىمانلىق كەسپىنى ئۆگەندىم. 1952 - يىلى 10 - ئايدا
ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەقسىم قىلىنىپ
تا ھازىرغىچە تەرجىمانلىق كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
كېلىۋاتىمەن. 30 نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا
ئۆزەمنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ كۆرۈكى
قىلدىم. ئومۇمەن ھۆكۈمەتكە ھال ئېيتىپ كەلگەن
مىللەتلەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق تەرجىمە
قىلىپ بەردىم. يازما ماتېرىيال يېزىشقا تىڭشىلىك بولغان-
لارغا ماتېرىيال يېزىپ بەردىم. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان،
مەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان مىللىي يولداشلار ئۈچۈن
تەرجىمانلىق قىلىپ، مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىپ،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، پارتىيە بىلەن خەلق
ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول
ئويناپ كەلدىم. مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان
مۇنداق ئىككى ئىش بولغان:

مەن 1956 - يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە
پارتىيىگە ئۆتتۈم. 1957 - يىلى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش

www.uyghurkitap.com

باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن «سول» ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى × × × (خەنزۇ) تارتىپ چىقىرىلىپ ئوڭچى قىلىنىپ يېپەن، كۆرەش قىلىنغان ئىدى. بۇ مۇئاۋىن مۇدىر ئادەتتە بىز (بولۇپمۇ مىللى كادىرلار) بىلەن ئوبدان ئۆتەتتى. بولۇپمۇ خەنزۇچە تەرجىمە قىلغان ھۆججەتلىرىمىزنى تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىستاتىستىكا جەھەتلەردىن دائىم ياردەم بېرىپ تۇراتتى. ئوڭچىلارغا قارشى ھەركەت جەريانىدا يېپەن، كۆرەش قىلىش تازا جىددى ئېلىپ بېرىلدى، بۇۋاقىتتا ماڭا بولغان بېسىم ئېغىر بولدى. كۆتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ پارتىيىگە يامان تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئەنسىرەپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭغا: «كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت، ئۈمىتۋار بولغىن، پارتىيىگە ئىشەنگىن» دېدىم. 1961 - يىلى مەن ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر باشلىقى (ئۇيغۇر) بىلەن 8 - ئارمىيە خاتىرە سارىيىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، ئاشۇ مۇئاۋىن مۇدىر ئوڭچى دېگەن قالپىقى بىلەن خاتىرە سارىيىدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋېتىپتۇ. مەن شەھەر باشلىقىغا ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن تونۇشتۇردۇم. شەھەر باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ مەن ئارقىلىق ئۇنىڭغا «ئادەم تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ. يولىنىمۇ ئۆزى تاللايدۇ» دەپ ئىلھام بەردى. بۇ چاغدا بېشىنى كۆتىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان بۇ كىشى

كۆزىدىن تارام - تارام ئىسسىق ياش ئاققۇزدى. كېيىن ئۇ مەيدىن شىۋەچە «ئىتتىپاق»، «دوستلۇق»، «رەھمەت سىزگە» دىگەن بىر قانچە جۈملە سۆزنى ئۆگىنىۋالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسەت ئەمەلىلىشىپ، ئۇ كىشى يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇ مېنى ھەر بىر قېتىم كۆرگەندە شىۋە تىلى بىلەن: ئىتتىپاق، دوستلۇق، رەھمەت سىزگە دەيدۇ.

1965 - يىلى 5 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن خىزمەت ئىزلەش ئۈچۈن كەلگەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر يولداش تىل بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن خىزمەت تاپالماي، ياتاق، تاماق ۋە تۇرمۇش جەھەتلەردىن خېلى قىينىلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئىكەن. شۇ ۋاقىت دەل چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى. مەن ئۆيۈمگىمۇ قايتماي بازاردىن ئىسسىق نان ئېلىپ كېلىپ ئۇ كىشى بىلەن بىللە چاي ئىچكەچ ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىدىم. چۈشتىن كېيىن ئىشقا چۈشكەندە ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن دوكلاتنى رەھبەرلەرگە تاپشۇرۇپ بەردىم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ كىشى نېفىت ئىدارىسىغا ئىشچىلىققا تونۇشتۇرۇلدى. يېقىندا مەلۇم بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيۈمگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم. توساتتىن مەلۇم بىر كېلىشكەن ئۇيغۇر يولداش مېنى يىراقتىن كۆرۈپ

كېلىپ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مەن پەقەت ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ئەينى يىللىرى نېغمەت ئىدارىسىغا تونۇشتۇرغان ئىشچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇ يولداش ھازىر پارتىيىگە كىرىپتۇ. ئەمگەك نەمۇنىچى بولۇپ باھالىنىپتۇ.

مەن 30 نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا مىللى رايوندا تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەققەتەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇندىن كېيىن مەن شۇ مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرىمەن.

# ئىنقىلاپ ئېقىنىدىكى دولقۇن

## ياڭ تەنيۈن

كۆپ مىللەت رايونىدا ئىنقىلاۋىي خىزمەتنى قاناتيايدۇرۇپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرغان چاغدا، ئالدى بىلەن ئويلايدىغان بىر سىياسەت مەسىلىسى — ھەرقايسى مىللەت چوقۇم بىرلىشىپ ھەركەت قىلىش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت؛ ئۇنداق بولمىغاندا مۇقەررەر ھالدا يەككە ـ يىگانە كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، قىيىنچىلىقلار قاتمۇ ـ قات بولىدۇ. ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىغىغا قارشى كۈرەشتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز ئارا قوللىشىپ، ئۆز ئارا ماسلاشقانلىغىدىن ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى شۇنداق بولغان. دۈشمەن ئىگەللىۋالغان رايونلاردىكى ئۈچ يەرئاستى ئىلغار تەشكىلاتى (شىنجاڭ كۈرەش تەشكىلاتى، شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى، شىنجاڭ ئاۋانگارت تەشكىلاتى) مۇ شۇنداق قىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ئاۋانگارات تەشكىلاتى» 4 مىللەتتىن تەشكىللەنگەن 2 چەككۈۋار كوللېكتىپ بولۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان ئەزالار زىچ ئىتتىپاقلىشىپ تاكى ئازاتلىققىچە كۈرەش ئېلىپ باردى.

ئازاتلىق ھارپىسىدىكى ئۈرۈمچىدە، ئىچكىرى تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئۇرۇش تەشەببۇسچىلىرىنىڭ كەسكىن كۈرەش توپىلىدىن ئەھۋال ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى لياۋشىن، خۇەيخې، پىڭجىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن جياڭ جيېشى خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىچكىرى شەرتنامىسىنى ئىمزالاشنى رەت قىلدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىلاجىسىز كەسكىن تەدبىر قوللاندى. مىليونلىغان قەھرىمانلار چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جياڭ ئائىلىسىنىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇۋىسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. ۋەزىيەت تەرەققىياتى پۈتۈن دۆلەت ۋە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى مۇھىم ئادەملىرى ئىچىدىكى ئىچكىرى تەشەببۇسكارلىرى ۋەزىيەتنى ئېنىق ياخشى تونۇپ، گومىنداڭنىڭ ئامەتنىڭ كەتكەنلىكىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالدى. لېكىن، ئۇرۇش تەشەببۇسكارلىرى، يې چېڭ، لونۇرىن، ماچېڭشيا، ليۇخەندۇڭقاتارلىقلار توسىلىپ قالغان ئىت ئارقىغا قاراپ چىشلىگىنىدەك

«ئاخىرقى قېتىم ئېلىشىش» داۋرىگىنى قىلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇلدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ 128 - بىرىگادىسى، 533 - تۇەنىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى بانكىنى بۇلاپ، 30 مىڭ سەر ئالتۇن، 200 مىڭدىن ئارتۇق كۈمۈش تەڭگىنى ئېلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بۇلاڭچى باندىتلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە سۇقۇنۇپ كىرىپ قىرغىنچىلىق، ئوت قويۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. بىراق شەھەر قوغداش تۇەنى تەرىپىدىن (شەھەرنى قوغداش تۇەنىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى «ئاۋانگارت تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى ئىدى) بايقىلىپ قاتتىق مۇداپىئە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇرۇش تەشەببۇسچىلىرى ۋە بۇلاڭچى باندىتلارنىڭ قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى توپەيلىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن، كىشىلەر دەككە - دۈككىدە قالغان ئىدى. «ئاۋانگارت تەشكىلاتى» ۋەزىيەتنى ئۆز ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش قارارىنى چىقاردى. سابىق شىنجاڭ گارنىزونى باش قوماندانلىق ئىشتاۋىغا قاراشلىق 179 - بىرىگادىنىڭ 536 - تۇەنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق شەھەر قوغداش تۇەنى ئىدى، تۇەنجاڭى ئەن چۇڭۋېن «ئاۋانگارت تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى بولۇپ، شىنجاڭ ئىلىلىق شىۋە ئىدى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە ئاز سانلىق مىللەت-تىن بولغان يولداش ئىدى. ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان شە-ھەرنى قوغداش تۈمەنى خەنزۇ، خۇيزۇ، شىۋە ئۈچ مىللەتتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ تۈمەننىڭ ئۇسكۇنىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقى تۈردە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش، ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەك مۇھىمى ھەر مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرىنى قانداق قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قوشۇننىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن مۇ-رەككەپ بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن تۆۋەن، قاتتىق دەككە - دۈككە ئىچىدە قالغان ئىدى. مۇ-شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يولداش ئەنچۇڭۇن تەشكىل تاپشۇرغان جاپالىق ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى قوللاندى، ئالدى بىلەن قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈردى. كەيپىياتى چۈشۈپ كەتكەن كوماندىر، جەڭچىلەر، جاھالەتتىن قۇتۇ-لۇپ يورۇقلۇققا چىقىش يولىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى، پەقەت ئىتتىپاقلاشقاندىلا، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقاندىلا ئاندىن ئورتاق كۈرەش قىلىپ پارلاق يولغا ماڭغىلى بو-لىدىغانلىقىنى تونۇۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇ تايانچ كۈچ-لەرنى تەشكىللەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ-سى

ياسىتىنى مەخپى تەشۋىق قىلدى. شۇڭا مۇتلەق كۆپسانلىقى كوماندىر، ئەسكەرلەرنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشتى، روھىي كەيپىياتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

يولداش ئەن چۇگۇيىن ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغاچقا ۋەزىيەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پۈتۈن تۈەندىكى زور كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغان خەنزۇ كوماندىر، ئەسكەرلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرغاندىلا ئاندىن غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچ قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. مۇشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. قىسىمغا قاراشلىق گازارما رايونلىرىنى، قاراۋۇل بېكەتلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. كەڭ كوماندىر، ئەسكەرلەر بىلەن سەمىمى سىرداشتى. ئۇلارنى دوست تۇتتى. ۋەزىيەتنى سۆزلەش ئارقىلىق كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ جاسارىتىنى ۋە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. شىنجاڭدەك بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا قالاق بىلەن ئىش كۆرگەندە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى، بارلىق كوماندىر، جەڭچىلەر چوقۇم بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، قوماندانلىققا ئىتائەت قىلىشى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى، ھەربى قانۇن بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. يولداش ئەن جۇگۇيىن مىڭدىن ئارتۇق خەنزۇ كوماندىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ئىنقىلابچىلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇندۇرالىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

يولداش ئەن چۇڭ ۋېن قىسىم ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماستىن، جەمئىيەتتىمۇ مىللىي ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. مەسىلەن، ئۇ ئۆلكىلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، شىۋە، مانجۇ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، پۇرسەت بولسىلا ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى ۋە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ھەم ئىستىقبالىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزى كۆرۈشىدىغان ھەر مىللەت كىشىلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى تېزرەك قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابىغا قاراشلىق تەمىنات باش ئىدارىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەر 3 - تۈەن 1 - باتالىيونىمۇ يەرئاستى ئىلغار تەشكىلاتى «ئاۋانگارات تەشكىلاتى»تەرىپىدىن كونتروُل قىلىنغان ئىدى. بۇ باتالىيوندا 4 روتا بار بولۇپ، خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن. ھەر بىر روتىدا 130 ئەتراپىدا ئادەم بولۇپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرى ئومۇمىي ئىشتاتىنىڭ 30% ئەتراپىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ باتالىيوننىڭ باشلىقى

چىن زۇڭتاۋ 1948 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى. ئىككى روتا ئۇرۇمچىدە، ئىككى روتا ماناستا تۇراتتى. 1949 - يىلنىڭ بېشىدا يولداش چىن زۇڭتاۋ «ئاۋانگارت تەشكىلاتى»غا قاتناشتى. ئۇ، «باتالىيون كوماندىرى»دىن ئىبارەت ئاشكارا سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلاۋىي پائالىيەت بىلەن مەخپىي شۇغۇللاندى. شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشىدا مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ، قىسىم ئىچىدە ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىش، تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىش (14 قېتىمغا يەتكەن)دىن باشقا، ئىچكى قىسىمدىكى ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇنىڭ باتالىيونىدىكى 30% ئىگەللەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرى (كۆپ ساندىكىسى ئەسكەر) پۈتۈن باتالىيوننىڭ تايانچ كۈچلىرى ئىدى. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرى ئات كۆندۈرۈشكە، ھارۋا ھەيدەش تېخنىكىسىدا خەنزۇ كوماندىر، ئەسكەرلىرىگە قارىغاندا پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ گومىنداڭغا بولغان تونۇشى نىسبەتەن ئاجىز ئىدى. شۇڭا يولداش چىن زۇڭتاۋ 30% ئازسانلىق مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1949 - يىلى يازدا ئۇرۇش تەشەببۇسكارلىرى يېڭىچە، ماچىڭشىيا، لونۇرىن قاتارلىق بىر بۆلۈم جاھىل ئۇنسۇرلار شىنجاڭدىكى بىر قىسىم گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى شەرقىي سەپكە يۆتكەپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە مېڭىشىنى توساشنى خام خىيال قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشىنى بۇزۇش جىنايى مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇشتى. شۇڭا ئۇلار قاتناش كۆچىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. 6 - ئايدا بىر تۈركۈم قورال - ياراقلارنى شەرققە يۆتكەش خەۋىرىنى ئۇققان يولداش چىن زۇڭتاۋ بۇ ئەھۋالنى «ئاۋانگارت تەشكىلاتى» تەشكىلىگە دوكلات قىلدى ھەمدە يولداش چىن زۇڭتاۋنىڭ ئامالىنىڭ بېرىچە تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، بۇ قورال - ياراقلارنى شەرققە يۆتكەشنى رەت قىلىش قارار قىلىندى. يولداش چىن زۇڭتاۋنىڭ تىرىشىشى بىلەن «ئات بوغۇزى يېتىشمەيدۇ، ئاتلار ئورۇق» دېگەننى بانا قىلىپ، قەستەنگە ئارقىغا تارتتى ھەمدە ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى نەنسەنگە بېقىشقا چىقىرىۋەتتى. ئاتلار نەنسەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يولداش چىن زۇڭتاۋ مىللىي ئىتتىپاقلىققا تېخىمۇ دىققەت قىلىپ، قوراللىق ئىسيان كۆتىرىشكە ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى: شۇڭا، 1 - ئاتلار سېمىز بولۇشى، 2 - ھارۋىلار ياخشى بولۇشى، 3 - قورال - ياراقلار تولۇقلىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى قوراللىق ئىسيان كۆتىرىلگەندىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەر

1 ـ باتالىيونى ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ ئاساسلىق كۆچى بولاتتى. يولداش چېن زۇڭتاۋنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق پۈتۈن باتالىيوندىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر ياخشى ئىتتىپاقلىشىپلا قالماستىن، 160 نەچچە تال مىلتىق، 4 دانە پىلىموت، گىرانات ۋە بىر قانچە ئون ساندۇق ئوق تولۇقلاندى.

ئات مەيدانىنى قوراللىق ئىسيانىدىن كېيىنكى ئارقا سەپلەرنىڭ بىرى قىلىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر ئەسكەرلىرى تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى. چۈنكى 1 ـ ئۇلار تاغنىڭ ئەھۋالىنى خەنزۇ كوماندىر ئەسكەرلەرگە قارىغاندا ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىل ئاسانلىقى بار ئىدى. شۇڭا خىزمەت قىلىشتا تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىدى. 2 ـ ئۇلارنىڭ ئات بېقىش، هارۋا هەيدەش تەجرىبىسى بار ئىدى. شۇڭا مىللى ئىتتىپاقلىق تېخىمۇ مۇهىم بولۇپ قالغان ئىدى. يولداش چېن زۇڭتاۋ خەنزۇ بولسىمۇ، مىللى ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پۈتۈن باتالىيوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرى بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئۇلار بىلەن يېتىپ ـ قوپۇشتا، تاماقتا بىرگە بولۇپ، هېسسىيات تۇرغۇزدى. شۇڭا، پۈتۈن باتالىيوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كوماندىر، ئەسكەرلىرى ئۇنى ئىنتايىن هۆرمەتلەيتتى.

ئورتاق ئىنقىلاۋىي نىشان ئۈچۈن، «ئاۋانگارت تەش

كىلاتى» مىللى يولداشلار بىلەن بولغان زىچ ئالاقىغا ئالا-
ھىدە دىققەت قىلاتتى. يولداش ئابباسوپ بىزنىڭ خىزمە-
تىمىزنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۆزى ئۈچ توننا كىرىسىن تەستىقلاپ
بەرگەن، ئۇنى يولداش ۋاڭ لىمىن سىرت ناھىيىدىن ئۇرۇمچىگە
ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، پۇلنى ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ خى-
راجىتى قىلغان. بىر يازغان «پۈتۈن شىنجاڭدىكى قېرىندى-
داشلارغا مۇراجەتنامە» ئالدى بىلەن رەئىس بۇرھاننىڭ
كۆرۈپ پىكىر بېرىشىگە يوللانغان. ئۇ كۆرۈپ بولۇپ بەزى-
بىر ياخشى پىكىرلەرنى بەرگەن. مەسىلەن: ئەسلى ئارگى-
نالدا «شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەر مىللەت قېرىنداشلار»-
نى، ئۇ، «4 مىليون 500 مىڭ»دەپ ئېلىش تەكلىۋىنى بەر-
گەن. بىز ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئۆزگەرتىپ بېسىپ تارقات-
تۇق. بۇندىن باشقا بۇرھان شەھىدى «ئاۋانگارت تەشكىلا-
تى» خىزمەت شارائىتىنىڭ ناھايىتى جاپالىقلىقىنى ئۇقۇپ،
مەخپىي يول ئارقىلىق بىزگە بىر قىسىم تەشۋىقات خىرا-
جىتى ھەل قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ «دېموكى-
راتىيەگېزىتى» بېسىپ تارقاتقان تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن
ھەر قېتىم بىزگە بىر مىڭ نۇسخا يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. بىز
ئۇرۇمچى رايونىدا تارقىتىشتىن باشقا، «ئاۋانگارت تەشكى-
لاتى» ئەزاسى يولداش جاڭ جايۈي ئۆزىنىڭ ئۆلكىلىك
كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ۋە گومىنداڭ جىنشى ناھى-
يىلىك پارتىيەياچېيكا سېكرېتارى سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ،
قۇمۇل، بارىكۆل، شىڭشىڭشيا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تار-

قىتاتتى.

«ئاۋانگارت تەشكىلاتى» دېگەن بىر قانچە قېرىنداش مىللەتتىن بولغان يولداشلار خەنزۇ يولداشلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇشىدا ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى. خۇيزۇ ئىلغار ياش يولداش ماجىنشىنىڭ «ئاۋانگارت تەشكىلاتى»غا قاتناشقاندىن كېيىن ئاتلىق 5 كورپۇسىنىڭ ئاخباراتتىنى يىغىش، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، شوئار چاپلاشلارنى ئورۇنلىغاندىن سىرت تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتتا ھەر مىللەت ئاممىسى ئىچىدە، بولۇپمۇ خۇيزۇ خەلق ئاممىسى ئىچىدە ھەر خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقى، تىنچلىق سۆھبىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ھەمدە «25-فېۋرال قاتىللىق ئەنزىسى»نى پەيدا قىلىپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقى قاتارلىق جىنايى ھەركەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بولغان تونۇشىنى توغرىلىدى.

ئۇيغۇر ئىلغار ياش «دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى»-

نىڭ ئەزاسى ئابدۇقېيىم ئازاتلىقتىن ئىلگىرى قورچاق قۇرۇلۇش نازارىتىدە ئىشلەيتتى. يولداش ۋاڭ لىمىن بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. ئۆز ئارا ئاخبارات ئالماشتۇراتتى، ئۇنىڭ بىلدۈرگەن ئەھۋالى كۆپ بولغاچقا بىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلغان ئىدى. ئازاتلىقنىڭ باشلىرىدا ئۇ يولداش ۋاڭ لىمىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پارتىيىگە كىردى. يەنە يولداش ۋاڭ لىمىن پارتىيە تەشكىلى ئارقىلىق ئۇنى تاشقى ئىشلار ئىنىستىتوتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كاتىۋى بولۇپ ئىشلىدى. دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تىيانشان سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىدى.

ئۇيغۇر ئىلغار زات، يولداش ھۇشۇرموسا ئىلگىرى تاشقى موڭغۇلىيىدە ئوقۇغان بولۇپ، ماركسىزم تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ياشلاردىن ئىدى. مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دۆلەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت قۇمۇل رايونىدا يەرئاستى خىزمىتى ئىشلىدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە يولداش ھۇشۇرموسا بىز بىرنەچچە يولداش بىلەن باردى-كەلدى قىلاتتى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە باردى-كەلدىمىز تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ئورتاق كۆرەشتە بىزنىڭ ئىدىيىمىز، ھەركىتىمىز بىردەك بولدى. بىز ئىككىمىز گەرچە بىر مىللەتتىن بولمىساقمۇ

لېكىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ھەقىقەتەنمۇ قېرىنداشلار-نىڭكىدىنمۇ يېقىن ئىدى.

مۇشۇلارنى ئەسلەش گەرچە ئىنقىلاپ ئېقىنىدىكى بىرنەچچە دولقۇنغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچىنىڭ مىل-لەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ تارقىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر كۈيگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ئائىلىسى

چېن گوجۇ (خۇيزۇ)

تىياشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ھەرمىللەت ئاھالىلىرى بىر كوچىدا، بىر قورادا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن،ھەتتابىر ئائىلە بىرقانچە مىللەتتىن تەركىپ تاپقان تارىخىي ئەمىلىيەتكە ئۇزۇن يىللار بولدى. ئازاتلىقتىن كېيىن تىيانشان رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىلىرى، پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتمەكتە.

مەن ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان مىللى كادىر، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئاممىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن، مەھەللىلەردىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈۋاتقان سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋىتىدىن پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى، كىشىلەر قەلبىگە ئىللىقلىق بېغىشلىغانلىقىنى، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر

ئىلھام بەخش ئەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۆۋەندە مەن، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر قانچە ئىشنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن:

نىڭشاۋەن ئاھالىلار كومىتېتى مىللەتلەر ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاشقان، ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان كومىتېت. بۇ كومىتېتنىڭ بىر قانچە مىللەتتىن تەركىپ تاپقان نەچچە يۈز نوپۇسىغا ئىگە ئائىلىكلەرنى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتىدىغان قىلالىغانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، ئاھالىلار كومىتېتىدىكى كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى خىزمەت جەريانىدا ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان، ئۆز ئارا بىر بىرىنى قوللىغان، تۇرمۇش جەھەتتىمۇ ئۆز ئارا بىر بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ غەمخورلۇق قىلغان.

ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئايشەم (ئۇيغۇر) كېسەل بولۇپ قالغاندا، كومىتېتنىڭ مۇدىرى يولداش چىن شيۇيىڭ (خەنزۇ) ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتقان، ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى كۆتكەن ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاھالىلار كومىتېتىدىكى خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئاھالىلار كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، نىڭشاۋەن باشقۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رايونىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىسى تۇرغۇزۇلدى.

غالىبىيەت يولى ئەينەك زاۋۇدى، مەھەللە باشقۇرۇشىدىكى كىچىك زاۋۇت، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىپ كارخانىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ زورايغانلىقى ئاساسەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويغانلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكىدىن بولدى. خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان زاۋۇت باشلىقى دەي جىڭپىڭ، تاتار مىللىتىدىن بولغان مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى زاكى خۇددى بىر ئائىلىدىكى ئاچا-سىڭىللارغا ئوخشاش ئۆز ئارا بىر بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلاشتى: يولداش دەي جىڭپىڭ 20 يىللىق ئىستاژغا ئىگە پىشقەدەم پارتىيە ئەزاسى. ئۇ يېڭىدىن زاۋۇت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندە، زاكى ئىشچى ئىدى، لېكىن ئۇ خىزمەتتە جاپا - مۇشەققەت، تاپا - تەنىلەرگە قارىماستىن زاۋۇتنى ئۆز ئائىلىسى بىلىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئالغا ئىنتىلىش روھى بولغاچقا، يولداش دەي جىڭپىڭ سىياسى جەھەتتە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ، خىزمەتتە دادىل ئىشقا سالدى ھەمدە ئۇنى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىقىغا ئۆستۈردى. تەشكىلنىڭ تەربىيىسى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يولداش زاكى 81 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. ئۇ پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۈلگە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، زاۋۇت

بويىچە باشلامچىلىق رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇر- دى. كۆپچىلىك ئۇلارنى پارتىيىنىڭ مىللى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىكى نەمۇنچىلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ باشلامچىلىرى دەپ ماختاشتى.

ئىتتىپاق يولى 4 - كوچىدا بىر نەپەر خەنزۇ ئائى- لىلىك بولۇپ، ئۆز ئۆيىنى رېمونت قىلغاندا يولنى ئىگەللە- ۋېلىپ، مەھەللە تازىلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن، بۇ رايوننىڭ باشقۇرۇش كادىرلىرى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ نەسىھەت قىلىپ توسىغان بولسىمۇ، بۇ خەنزۇ ئائىلىلىك نەسىھەتنى قەتئى قوبۇل قىلمىغان. ئۇزۇن ئۆتمەستىن بۇ خەنزۇ ئائىلىلىكنىڭ ئوغلى توي قىلماقچى بولۇپ باشقۇرۇش رايونىدىن توي قىلىشقا ئىسپات خېتى يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا باشقۇرۇش رايونىدىكى خەنزۇ يولداشلار ئۇنىڭغا يېزىپ بەرمىگەن. ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش زىلەي- خان (ئۇيغۇر) ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىنى رېمونت قىلىمەن دەپ يولنى ئىگەللىۋالغانلىقى توغرا ئەمەس. لېكىن ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ئۇنىڭغا ئىسپات خېتى يېزىپ بەرمىگەنلىكىمۇ توغرا ئەمەس دەپ، بۇ خەنزۇ ئائىلىلىككە ئىسپات خې- تىنى يېزىپ بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىنى رېمونت قى- لىمەن دەپ جامائەت يېرىنى ئىگەللىۋالغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن بۇ خەنزۇ ئائىلىلىك ئىگەللىۋالغان جامائەت يېرىنى تەشەب- بۇسكارلىق بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن. كېيىن يولداش زىلەي-

خان بۇ خەنزۇ ئائىلىلىكىنىڭ ئانىسى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى بىر قانچە كادىرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، قارىلىق سېتىۋېلىپ خەنزۇ ئائىلىلىكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.يولداش زىلەيخاننىڭ ئۆزى نەمۇنە بولۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەنلىكتىن ھەر-كىتىدىن ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار بىلەن مەھەللىدىكى ئاھالىلار چوڭقۇر تەربىيە ئالدى.

شىمالىي شىنخۇا يولىدا مەلۇم بىر ئۇيغۇر يولداش ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپ، بىر قورادا ئولتۇرۇشلۇق بىر خەنزۇ ئائىلىلىكنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىدۇ. ئاھالىلار كو-مىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش رىسالەت ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپ بۇ مەسىلىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈپ ھاراق ئى-چىپ جېدەل چىقارغان ئۇيغۇر يولداشقا تەنقىت بېرىپ خەنزۇ يولداشنى خاتىرجەملەندۈرىدۇ. بۇ ئىشتىن ئادەم ئۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى چوڭقۇر تەربىيە ئالىدۇ. ئۇ-لار مۇنداق دەيدۇ: «بىز خەنزۇ يولداش بىلەن كۆپ يىل-لاردىن خوشنا بولۇپ ئۆتكەن ئىدۇق، بۇ جەرياندا بىز ئۆز ئارا تاكاللىشىپ جېدەللەشكەن ئەمەس، بۇ قېتىم ھاراق ئىچىپ ئادەم ئۇرغانلىقىمىز تامامەن خاتا.» ئۇلار پۈتۈن ئائىلە بويىچە تاياق يېگۈچىدىن ھۆزۈرخالىق ئەپۇ سوراپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، داۋالاتقان ۋە كۈتكەن.

بۇ قېتىمقى ماجرا يولداش رىسالەت ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى خەنزۇ كادىر لى جۇمىنىڭ مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىككى ئائىلە كىشىلىرى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشقان.

غالىبىيەت يولى خابا باشقۇرۇش رايونى — كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ رايوندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك، رۇس، شىۋە قاتارلىق 11 مىللەت بولۇپ جەمى 1300 دىن ئارتۇق ئۆيلۈك بار. كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرى يۈز بەرمىگەن بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزئارا ئىناق ئۆتىۋاتقان چوڭ ئائىلىگە ئوخشايدۇ. ھەر بىر ھويلا - ئارامدىكى ئائىلىلىكلەر مەيلى قايسى مىللەت بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ھەمكارلىشىپ، ئىشىنىپ كەلمەكتە. مەيلى قايسى ئائىلە سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلمىسۇن، ھەرۋاقىت خاتىرجەم ھالدا ئۆيلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى خوشنا ئۆيلەرگە قويۇپ قويىدۇ.

بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى خوشنىلىرىغا ۋاقىتلىق قاراپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بىر قانچە كۈنگىچە ئائىلىسىگە قايتىپ كېلەلمىسىمۇ قىلچە ئەنسىرىمەيدۇ. بەزى ئائىلىلەر خىزمەتكە ماڭغاندا كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى ھويلا - ئاراملاردا ئاپتاپقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالغاندا، يۇتۇپ كەتمەيلا قالماستىن بەلكى بوران - يامغۇرغا يولۇققاندا باشقىلار ئۇلار ئۈچۈن يىغىشتۇرۇپ قويىدۇ.

خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ بىر خەنزۇ كادىرىنىڭ ئائىلىسىدە ئەر - ئايال ئىككىلىسى خىزمەتچى ھەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، بۇ خەنزۇ كادىر بىلەن بىرھويلىدا ئولتۇرۇشلۇق مەريەم ئانا ئۇلارنىڭ 3 بالىسىنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. بەزى ۋاقىتلاردا باللار تاماق يېيەلمىگەندە مېزىلىك پولۇ راسلاپ باللارغا تاماق بەردى.

ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇايولىدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق 8 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان 27 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قوراسى بار. بۇ ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان خىزمەت كەسپىدىكى ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈپ، جاپا ۋەھالاۋەتتە بىرگە بولۇپ مۇشۇ تەۋەدىكى ئاھالىلارنىڭ دائىم ماختاپ تەرىپلەيدىغان نەمۇنىچى ئۈلگىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئاھالىلار گۇرۇپپا باشلىقى چاخۇيىسىڭ موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىغا مۇكەممەل ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ تەبىئىي ھالدا مۇشۇ چوڭ قورانىڭ خالىسانە تەرجىمانى بولۇپ، خوشنىلار ئارا ئىدىيە ۋە دوستلۇق ئالماشتۇرۇش

جەھەتلەردە كۆپچىلىك ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

چوڭ قورانىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى يولداش يەن مىڭيەن خەنزۇ، پېنسىيىگە چىققان پىشقەدەم سېستىرا. ئەمما پېنسىيىگە چىققان 16 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى ئازئولتۇرۇپ، ھەرقايسى ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، قەھرىتان سوغاق، تومۇز ئىسسىققا قارىماي، باشقىلاردىن بىر تىيىن پۇل ئالماي چوڭ قورادىكى قېرىلار ۋە بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغان. پەقەت ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالاش تۇردىنىلا ئېلىپ ئېيتساق 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىمغا يەتكەن. ئۇيغۇر خوشنىسى تۇرسۇننىڭ ياشانغان ئاپىسى يېرىم پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، كارۋاتتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ كېسەلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوكۇل ئۇرۇپ كېسەل كۆرۈشنى بىرقېتىممۇ ئۈزۈلدۈرۈپ قويمىغان: بۇنىڭدىن تۇرسۇننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن تەسىرلەنگەن. بۇياشانغان ئاناكېسىلى خەتەرلىك باسقۇچتا قالغاندا ئاغزىدا يەنىلا «يەن مىڭيەن ياخشى!» دەپ ياد ئەتكەن.

بۇ چوڭ قورادا زىلەيخا ئىسىملىك قازاق ئوقۇتقۇچى ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، 10 يىللىق بالايى ـ ئاپەتتە يولدىشى «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قارىلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغىنە ئىش ھەققى بىلەن 3 بالىسىنى بېقىپ، كۆڭلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزگەن، بۇ ۋاقىتتا خەنزۇ خوشنىسى سوزىجاڭ ئۆز يېنىدىن ئىقتىسات چىقىرىپ ئۇنىڭغا ھەرجەھەتتىن ياردەم قىلغان. ھازىر يولداش سوزىجاڭ ياشىنىپ قالغاچقا باشقىلارنىڭ پەرۋىش قىلىنىشىغا ئېھتىياجى چۈشكەندە يولداش زىلەيخا ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىدىكى چوڭلاردەك كۆرۈپ، يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ-قوپۇشتا ئۇنىڭدىن قىزغىن خەۋەر ئالدى. ھازىر يولداش سوزىجاڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنى خوشال خورام، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزمەكتە. ھەممە كىشى ئۇلارنى «ئىككى مىللەتتىن بولغان بىر ئائىلە كىشىلىرى» دەپ تەرىپلەشمەكتە.

جەنۇبىي ئازاتلىق يولى نەنگۇەن ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تايانچىسى چىن ۋېنشيۇ، يېشى 70 تىن ھالقىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپلا قالماستىن، باشقۇرۇش رايونىنىڭ مۇدىرى يولداش نۇسرەتنىڭ ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پالەچ كېسىلى بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قالغان قىزى مەخپىرەتكە تۈزۈكرەك قارىيالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ مەخپىرەتكە كۆڭۈل قويۇپ قارىدى، ھەركۈنى ئۆيىگە بېرىپ، تازىلىقىنى قىلىپ، سۆيدۈك لاتىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، يۇيۇندۇرۇپ، چېچىنى تاراپ قويدى. بۇ ئىشلاردىن يولداش نۇسرەت ئىنتايىن

چوڭقۇر تەسىرلىنىپ بۇنىدىن كېيىن مەھەللىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**乌鲁木齐文史资料**

维文第四辑

中国人民政治协商会议乌鲁木齐市委员会
文史资料研究委员会编
七二二〇工厂印刷

1985年10月